بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ




﴿شَهْرُ رَمَضَانَ الَّذِي أُنزِلَ فِيهِ الْقُرْآنُ هُدًى لِلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِّنَ الْهُدَىٰ وَالْفُرْقَانِ﴾

﴿(روزا تۇتۇش پەرز قىلىنغان ساناقلىق كۈنلەر) ئىنسانلارغا يېتەكچى، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىغان رامىزان ئېيىدۇر﴾

(2 ـ سۈرە / بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

# ئۈرۈمچى شەھىرى ئىسلام دىنى ئىشلىرى يېتەكچىسى

## 2014 ـ يىللىق 7 ـ سان (ئومۇمىي 7 ـ سان)


**نەشر قىلغۇچى ئورۇن:** ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى

**مەسئۇلىيەتچى:** پەرھات سەلەي

**باش مۇھەررىر:** يالقۇن ئىسمائىل

**مۇھەررىرلەر:** مۇھتەرەم شېرىپ داموللا ھاجى، ئابدۇشۈكۈر رەھمىتۇللاھ دامولla ھاجى، ئابدۇراخمان ئابدۇقادىر

**تەكلىپلىك مۇھەررىر:** مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

**تەكلىپلىك كوررېكتور:** ئارزۇگۈل كېرىم

**بەت ياسىغۇچى:** ئابدۇللا مەتتۇرسۇن

**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:**

مۆھتىرەم شېرىپ دامولla ھاجى، ئابدۇشۈكۈر دامولla ھاجى، نۇرمۇھەممەد دامولla ھاجى، ئەھمەدجان ئىبراھىم دامولla ھاجى، ئابدۇكېرەم دامولla ھاجى، ئابدۇۋاھاپ دامولla ھاجى، ئابدۇرېھىم دامولla ھاجى، تۇرسۇنجان مەسۇم دامولla ھاجى، نەسرىدىن دامولla ھاجى، ئابدۇرەئۇف دامولla ھاجى، تۇرسۇن راخمان دامولla ھاجى، مەسئۇد دامولla ھاجى، مۇھەممەدئىمىن ئاتاۋۇللا دامولla، تاشتۆمۈر ئابدۇقادىر دامولla، ئابدۇللاھ ئابدۇراھمان دامولla، ئابدۇراھمان مۇھەممەد دامولla، تۇرسۇن ئەينۇددىن دامولla، مۇھەممەدئىمىن خۇدابەردى دامولla، ئوسمان ساۋۇت دامولla، ياقۇپ ئۆمەر، پەرھات سەلەي، يالقۇن ئىسمائىل

# كىرىش سۆز

ۋەز ئېيتىش - ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئەنئەنىسى: ئىمام-خاتىپلار ھەر جۈمە ۋە ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدە جامائەتكە «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىغا دىنىي ئەقىدە نەزەرىيەلىرى، فىقھى مەسىلىلىرى، ئىبادەت قائىدە-ئەھكاملىرى، ئەخلاق مىزانلىرى، مەدەنىيەت مىراسلىرى، پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان ئەھمىيىتى زور ۋاستىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى شەھىرىمىزدىكى ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئەت ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدە جۈمە كۈنى سۆزلىنىدىغان ۋەز-تەبلىغ مەزمۇنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان مەزكۇر «ئايلىق» ماتېرىيالنى ئىماملارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۈزۈپ چىقتى. بۇ ماتېرىيالدىكى ئايەتلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «قۇرئان كەرىم» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2012-يىلى 8-ئاي 1-نەشرىگە ئاساسەن ئېلىندى. ئىماملىرىمىز ئىيۇل ئېيىدىكى جۈمە كۈنلىرى چوقۇم مۇشۇ بەلگىلەنگەن ۋەز-تەبلىغ تېمىسى ۋە مەزمۇنى ئاساسىدا سۆزلىشى كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى
2014- يىلى 1- ئىيۇل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىپ، ئىناق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرەيلى ........................................ 1

ئىتتىپاقلىقنى قوغداپ، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇپ، شەھىرىمىزنىڭ مىللەت-دىن ساھەسىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىمىز ........................ 6

## ۋەز - تەبلىغلەر

بۇ دۇنيالىق ئۈچۈن ئاكتىپ ئىشلەپ، ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرەيلى ........................................ 13

پەرزەنت تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىپ، پەرزەنت تەربىيەلەش مەجبۇرىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلايلى ........................................ 17

ئاشقۇنلۇقتىن ساقلىنىپ، ئوتتۇراھال يول تۇتۇشتا چىڭ تۇرايلى.................. 21

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتەك ئىسلام ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇپ، دوزاخ ئازابىدىن ساقلىنايلى ........................................ 25

## ئۆگىنىش گۈلزارى

روزا ھېيتىنى ئىتتىپاق، خۇشال ئۆتكۈزەيلى! ........................................ 30

رامىزان ئېيىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر........................................ 38

مۇسۇلمان كىشىنىڭ سۈپىتى (1)........................................ 57

روزا تۇتۇشنىڭ سالامەتلىك جەھەتتىكى پايدىلىرى ........................................ 68

## پايدىلىنىشلىق

ھەدىس شەرىھىسىنىڭ تەرجىمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر ........................................ 79

«قۇرئان كەرىم» نىڭ خەتمە دۇئاسى........................................ 89

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 7-ئايلىق ناماز ۋە روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋىلى ........................ 92

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىپ، ئىناق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرەيلى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، شەھەر باشلىقى ئىلھام سابىر

شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ھەر مىللەت خەلقى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب، شىمالىدىكى بىپايان زېمىندا ياشاپ يۇرت ـ ماكانىنى بىرلىكتە قۇرۇپ چىقتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى شەھىرى بولغان ئۈرۈمچى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەر، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنە بولۇشتەك شانلىق ئەنئەنىگە ئىگە. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىش داۋامىدا چوڭقۇر مۇھەببەت ئورناتتى. بولۇپمۇ مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قەتئىي، توغرا رەھبەرلىكىدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق كۆرۈش قىلىشى ۋە تىرىشىشى نەتىجىسىدە شەھەرلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت «ئۈچ يىلدا بىر قاتلاش، بەش يىلدا يېڭى بۆسۈش، 10يىلدا چوڭ ھالقىش» ئومۇمىي تەلىپىگە ئاساسەن، «تۆت ئىستراتېگىيە» نى يولغا قويۇش، «بەش چوڭ ئىقتىساد چەمبىرىكى» نى بەرپا قىلىش « ئالتە چوڭ ئۆمەك تەشكىللەش»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، «يەتتە چوڭ تۈر» نى چىڭ تۇتۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادنى تېز يۈكسەلدۈرۈش، شەھەر قىياپىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى يۈكسەلدۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك ئۇنۇم ھاسىل قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختىيارلىق كۆرسەتكۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى.

خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىزنىڭ گۈللەپ تەرەققىي قىلىۋاتقان ياخشى ۋەزىيىتىمىز ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ يۈكسەلدۈرۈۋاتقان ئىشلىرىمىز خىرىسقا دۇچ كەلدى چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» گۈللىنىۋاتقان، مۇقىم ياخشى ۋەزىيىتىمىزگە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۈچەيتتى، بۇنىڭ بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىلگىرىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن تېخىمۇ مۇھىم، تېخىمۇ تەخىرسىز مەسىلىگە ئايلاندى. تارىخ تالاي قېتىم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مۇقىملىق ـ بەخت، قالايمىقانچىلىق ـ ئاپەت. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى

www.uyghurkitap.com

ياخشىلىغاندا ئۈرۈمچىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى، ھەر مىللەت خەلقىنى كۆپرەك ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ بۇ يىل 27-ئاپرېلدىن 30-ئاپرېلغىچە باش شۇجى شى جىنپىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، بىزدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى. بىز باش شۇجى شى جىنپىڭ قىلغان مۇھىم سۆزنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ھەم ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەھىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇپ، سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتىن ئىبارەت مۇقەددەس بۇرچنى ھەقىقىي زىممىمىزگە ئېلىپ، ھەر مىللەت كادىرلار ئاممىسىنى نۆۋەتتىكى تەستە قولغا كەلگەن ئىناق-ئىتتىپاق ۋەزىيەتنى ھەسسىلەپ قەدىرلەشكە يېتەكلەپ ۋە تەربىيەلەپ، مەركەز، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇھىم تەدبىر ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىناقلىقىنى كۈچەيتىپ، بىر يەڭدىن قول، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، ئىناق تەرەققىي قىلىپ، شەھىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ھەقىقىي ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

نۆۋەتتە ئۈرۈمچىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرى ساغلام سىجىل ياخشىلىنىۋاتىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىۋاتىدۇ، ئەمما پانئىسلامىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، زوراۋان-تېررورچى ئۇنسۇرلار پۇرسەت تاپسىلا زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى سادىر قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ. بىز بىر تەرەپتىن ئەسەبىي دىنىي كۈچلەرگە ۋە زوراۋان-تېررورچى ئۇنسۇرلارغا قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ، دۈشمەنگە ئاۋۋال قول سېلىش، باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بېرىش، توختىماي قوغلاپ زەربە بېرىش، ئەدىپىنى قاتتىق بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، يوقىرى بېسىم ھالىتىنى باشتىن-ئاخىرى ساقلاپ، زوراۋان-تېررورچى ئۇنسۇرلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىناقلىقىنى تېخىمۇ قوغداپ خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە تېخىمۇ كاپالەتلىك قىلىشىمىز؛ يەنە بىر

تەرەپتىن مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى، شۇنداقلا دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە خەلقنى خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلدۇرغان شارائىتقا ئېرىشتۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى خىزمىتىمىزنىڭ ھەممە ھالقىسىدا نامايان قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى شەھىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ تەدبىرى قىلىپ، بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەتنى ئېسىمىزدە مەھكەم ساقلاپ، مۇھىم تاپشۇرۇق ۋە ئۈمىدلەرنى ئۈنتۈپ قالماي، سەممىي ھېسسىيات، پۇختا خىزمەتلىرىمىز بىلەن ئەل قەلبىنى ھەقىقىي ئۇتۇشىمىز ۋە ئىتتىپاقلىقنى قوغدىشىمىز لازىم.

بىرىنچى: ماركسىزملىق «بەش قاراش» نى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، «ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيۈپ، گۈزەل يۇرت-ماكانىمىزنى قۇرۇپ چىقىش» باش تېما قىلىنغان تەربىيە پائالىيىتىنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭ روھى ۋە ئۈرۈمچى روھىنى كۈچەپ ئەۋج ئالدۇرۇپ، بىر گەۋدىلەشكەن، كۆپ مەنبەلىك، يۇغۇرۇلغان، ئېچىۋېتىلگەن، شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە زامانىۋى مەدەنىيەتنى كۈچەپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى يۈكسەلگەن، ئېچىۋېتىلگەن، كەڭ قورساق، مەدەنىي ۋە ئىلمىي بولغان ئىدىيە تىكلىشىگە يېتەكلەش خىزمىتىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسى قارىشىنى تىكلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز گەپ-سۆزلەر ۋە ئىش-ھەرىكەتلەرنى قىلماي، تەستە قولغا كەلگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياخشى ۋەزىيىتىنى ئاڭلىق قوغداش كېرەك.

ئىككىنچى، پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن توغرىسىدىكى تەربىيە-ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى ئاچقۇچ قىلىپ، ئاممىۋى خىزمەتنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىتتىپاقلىق ئاساسى ۋە خىزمەت ئاساسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن توغرىسىدىكى تەربىيە-ئەمەلىيەت پائالىيىتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى «ئەل راينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاساسىي قاتلامدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا

سىڭدۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىگە چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت باغلاپ، ئاما ئوتتۇرىغا قويغان مۇۋاپىق تەلەپلەرگە ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەل قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى چىڭ، ياخشى، پۇختا تۇتۇپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى مۇجەسسەملەپ، ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىنتىلىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ ھاسىل قىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئىناق ـ ئىتتىپاق ياخشى كەيپىياتنى تىرىشىپ يارىتىش كېرەك.

ئۈچىنچى، شەھىرىمىزدە قانات يايدۇرۇۋاتقان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۈلگىلىك مەھەللە (كەنت)، ئۈلگىلىك ئورۇنلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش پائالىيىتىنى ۋاستە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى بۇ پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى «قول تۇتۇشۇش» ، «دوستلىشىش» قاتارلىق تۈرمۇشقا يېقىنلاشقان، ھەر مىللەت ئاممىسى ياقتۇرىدىغان پائالىيەتلەرنى كەڭ قانات يايدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك؛ ئاساسىي قاتلاملاردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار تىپلارنى قېزىپ چىقىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىلىرىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىپ، ئىلغار تىپلارنىڭ ئۈلگىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

تۆتىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئەمەلىيىتىدە دىنىي خىزمەتلەرگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ياخشى ئىشلەپ، دىن بىلەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇشقا ئاكتىپ يېتەكلەش كېرەك. «بەشتە ياخشى» دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى، «بەشتە ياخشى» دىنىي زاتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، دىنىي زاتلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاڭلىقلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. قانۇن ـ تۈزۈم تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، «بىرگە قارشى تۇرۇپ، ئىككىگە ئەھمىيەت بېرىش» تە چىڭ تۇرۇپ، دىنغا ئىشىنىدىغان ئاممىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا يېتەكلەش كېرەك. دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرغاندا چوقۇم ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت بىردەكلىكىدە چىڭ تۇرۇش، چوقۇم قانۇن ـ بەلگىلىمە ۋە سىياسەت دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىش، دۆلەتنىڭ ئالىي مەنپەئەتى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى ئەڭ ئالدىغا قويۇش كېرەك.

بەشىنچى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى يېڭى يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىكى تۇرلۇك خىزمەتلەرنى پۇتۇن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك. هەر مىللەت خەلق ئامما ئىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى زىچ چۆرىدەپ، ئاممىنىڭ ساداسىغا ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ، ئاممىنىڭ ئېهتىياجىنى ئىگىلەش كېرەك. خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىنى ئاساسىي قاتلاملارغا مايىللاشتۇرۇپ، ئاما ئەڭ ئېهتىياجلىق، ئەڭ تەخىرسىز تۇرلەرنى يولغا قويۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق ئاساسىي شەرتلەرنى پائال بارلىققا كەلتۇرۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرى ۋە ئىش ئورۇنلىرىنى كۆپەيتىپ، هەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ياخشىلاش كېرەك. بولۇپمۇ زېهنىي كۈچنى نۇقتىلىق كىشىلەر توپى، نۇقتىلىق رايون ۋە نۇقتىلىق ساهەدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى هەل قىلىشقا قارىتىش هەمدە بۇ كىشىلەر توپى ۋە شۇ ساهەلەر ئارقىلىق، پۇتكۇل جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش كېرەك.

ئەمەلىيەت شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىناق-ئىتتىپاقلىقتا بولغان ئارزۇسىنىڭ مىسلىسىز كۇچلۇكلىكىنى، ئىتتىپاقلىق ئاساسى ئىنتايىن مۇستەهكەملىكىنى، هەر مىللەت خەلقىنىڭ باشتىن-ئاخىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ مۇستەهكەم قالقىنى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. يېڭى ۋەزىيەتتە بىز مىللەتلەر بۇيۇك ئىتتىپاقلىقنى هەسسىلەپ قەدىرلەپ، مىللەتلەر بۇيۇك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۇزلۇكسىز كۇچەيتىپ ۋە ئىلگىرى سۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ پۇختا ئىشلەپ، هەر مىللەت خەلقىنىڭ هەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇشتەك ئەنئەنىسىنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا يەتكۇزۇپ، شەهىرىمىزنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى شەهىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا كۇچەپ، شەهىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى هەقىقىي قوغداش ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يېڭى تۆهپە قوشايلى.

# ئىتتىپاقلىقنى قوغداپ، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇپ، شەھىرىمىزنىڭ مىللەت ـ دىن ساھەسىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىمىز

**شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، بىرلىك سەپ بۆلۈمى باشلىقى شىرزات باۋۇدۇن**

شىنجاڭنىڭ تارىخىنى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ياراتقان، شۇڭا ھەممىسى شىنجاڭنىڭ ساھىبخانىسى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاقتىن بۇيان يەر ھەيدەپ ۋە ئوتاپ، ئورتاق بەرپا قىلىپ، ئورتاق ھوسۇل ئېلىپ، ماددىي بايلىق، مەنىۋى بايلىق، مەدەنىيەت بايلىقى يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش جەھەتلەردە غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشتى. 60 نەچچە يىل ئىلگىرى يېڭى جۇڭگو قۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات قەدىمى تارىخى يېڭى ئىراسى باشلىنىپ، مەملىكىتىمىز مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى: ھەر مىللەت خەلقى ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ گۈللەنگەن، باي، قۇدرەتلىك تارىخىنى ئورتاق يېزىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش دەۋر مېلودىيەسىنى ياڭراتتى. ئىسلاھات ئېچىۋېتىلگەن 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئەتراپىمىزدا يەر ـ جاھاننى ھەيران قالدۇرغۇدەك تارىخىي ئۆزگىرىشلەر بولدى، شەھىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىشلار ئىشقا ئېشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشى ناھايىتى تېز يۈكسەلدى. بولۇپمۇ ئۆتكەن بىر نەچچە يىلدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ قەتئىي رەھبەرلىكىدە، ئۇرۇمچىدىكى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەدىكىلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا، ئۇرۇمچى شەھىرىدىكى بارلىق كادىر، ئاممىنى ئىتتىپاقلىشىپ جان تىكىپ ئىشلىشىپ مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى ياراتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىنىڭ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ياخشى سىياستىنىڭ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى، شۇنداقلا بارلىق خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى. يېقىنقى يىللاردىن بويان ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، باشتىن ـ ئاخىر ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ، خەلققە بەخت يارىتىش مۇھىم تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى ھەر ۋاقىت ئەل رايى قۇرۇلۇشى، ئاساسىي قۇرۇلۇش قاتاردا ئۇزاققىچە بوشاشماي چىڭ تۇتۇپ، كۆچلۈك جامائەت پىكرى كۈچى، روھىي كۈچتىن پايدىلىنىپ ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا، ئورتاق گۈللىنىپ، تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلىدى. ھەر خىل شەكىلدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئىزچىل قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە سىڭدۈردى. ھەر مىللەت خەلقى ھەمىشە بىللە بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئىش ئىزلار ۋە تىپىك شەخسلەر مەيدانغا كەلدى، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئۆسمۈرنى قۇتقۇزۇۋالغان دۇ ياڭفۇدىن تارتىپ، ئەزەلدىن تونۇشمايدىغان خەنزۇ ئىستۇدېنتنى قۇتقۇزۇۋالغان غېنى جۇمەگىچە؛ سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىش كېسەللىكىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا بېرىپ قالغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى مەۋلانجان ئۆمەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بۆرىكىنى ھەقسىز تەقدىم قىلغان خەنزۇ قىزى ۋاڭ يەنىدىن تارتىپ، ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتكەن ئىككى خەنزۇ قىزچاقنى سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ قۇتقۇزۇۋالغان 12 ياشلىق ئۇيغۇر ئۆسمۈر دەۋرانجان ئالىمغىچە؛ ھەربىي لاگېرنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھالىغا يەتكەن جۇاڭ شىنخۇادىن تارتىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك جۇدۇن ـ چاپقۇنمۇ توسۇيالمايدىغان ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ شوپۇرى گۇ شياڭفېڭغىچە «5 ـ ئىيۇل ئۇرۇش ـ چېقىش ـ بۇلاش ـ كۆيدۈرۈش ئېغىر زوراۋانلىق، جىنايى ۋەقەسى» ۋە «22 ـ ماي ئېغىر زوراۋانلىق، تېرروزرلۇق ۋەقەسى»دە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچرىغاندا ئۆزئارا ياردەم بېرىشىپ قۇتقۇزۇشتىن تارتىپ، دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۆز مەيدانىنى بىلدۈرۈش، پوزىتسىيەسىنى ئېنىق بىلدۈرۈشكىچە... ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بۇنداق ئىشلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ بېلىق بىلەن سۇدەك يېقىن ئىكەنلىكىنىڭ ھەقىقىي كارتىنىسى. مانا بۇ كارتىنىلار ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ قان تەرىدىن پۈتكەن.

باش شۇجى شى جىنپىڭ 2013 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا «شىنجاڭ مەسىلىسى ئەڭ قىيىن، ئەڭ ئۇزاققا سوزۇلىدىغان مەسىلە، شۇنداقلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى، شىنجاڭنىڭ ئەڭ چوڭ ئاممىۋى خىزمىتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنىي ئىناقلىق خىزمىتى» دېگەن تەلىپىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ پارتىيەلىك كادىرلارغا قويۇلغان تەلەپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھەر مىللەت ئاممىسىغا بولغان تىلىكى. ئۈرۈمچىدە ياشاۋاتقان ھەر بىر كادىر ۋە ئاممىنىڭ ھەممىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مەركەزگە ئىنتىلگۈچى كۈچ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، كۆرەش قىلىش كۈچى ئىكەنلىكىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى كېرەك. ھەر قانداق ئادەمنىڭ ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ياراتقان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەتىجىلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھوقۇقى يوق، ئۇنداق بولمايدىكەن، دۇنيا خەلقىنىڭ ھاقارىتى ۋە نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەدبىر، ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئۈلگىلىك مەھەللە (كەنت) ۋە «بەشتە ياخشى» دىنىي پائالىيەت سورۇنى، «بەشتە ياخشى» دىنىي زاتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش قاتارلىق يۈرۈشلۈك پائالىيەتلەرنى يولغا قويۇپ، بىر يىل ئىچىدە بارلىققا كەلتۈرۈش نىسبىتىنى 50% تىن ۋە ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە 80% تىن ئاشۇرۇشنى نىشانلىدى. بۇ تەدبىرلەر ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇردى ھەمدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسى، قوللىشى ۋە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت، كۆپ خىل دىن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جاي. مىللەتلەر، دىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى. شۇنداقلا ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دىنىي ئەركىنلىكىگە تولۇق ھۆرمەت قىلدى، ھېچكىم دىنغا ئىشىنىدىغان ئاممىنى كەمسىتمىدى ۋە ئادالەتسىز مۇئامىلە قىلمىدى، نۇرغۇن ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچىنى ئاجرىتىپ، دىنىي پائالىيەت

سورۇنلىرىغا تېخنىكىلىق كونترول قىلىش ئۇسكۇنىلىرىنى ئورنىتىپ، قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە سىڭىپ كىرىپ ئىبلىس چاڭگىلىنى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنغا ئىشىنىدىغان ئاممىغا سوزۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، دۈشمەن ئۇنسۇرلارنى قورقۇتتى جۇمە نامىزى، ھېيت نامىزى، رامىزان قاتارلىق مۇھىم دىنىي پائالىيەت مەزگىللىرىدە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، دىنىي سورۇنلارنىڭ بىخەتەرلىك-قوغدىنىش قاتارلىق خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ، «ئۈچ خىل كۈچ» نىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دىنىي سورۇنلارغا كىرىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، دىنغا ئىشىنىدىغان ئاممىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار «ۋەز-تەبلىغ» قىلغاندا «قۇرئان»، «ھەدىس» نىڭ ئەسلىي تېكىستى، ئەسلىي مەنىسى بويىچە مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ قىممەت يۆنىلىشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە تىنچلىققا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇھىم نۇقتىسىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىغا «ئۈچ خىل كۈچ» نىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى يەنىمۇ تونىتىپ، مۇسۇلمان ئاممىسىنى شەھىرىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا يېتەكلىدى. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار مۇنبەردىن پايدىلىنىپ دىنغا ئىشىنىدىغان ئاممىنى ۋاقتىدا تەربىيەلىدى، يېتەكلىدى، ئەڭ تېز ۋاقىت ئىچىدە پاكىت بىلەن، ماھىيىتى بىلەن سۆزلەپ، دىنغا ئىشىنىدىغان ئاممىنى ئىغۋا توقۇماسلىق، تارقاتماسلىق، ئىغۋاغا ئىشەنمەسلىككە يېتەكلەپ، دىنغا ئىشىنىدىغان ئاممىنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىش ۋە گۈزەل تۇرمۇشىنى قەدىرلەشكە يېتەكلىدى. ئەمەلىيەت پۈتۈن شەھەردىكى دىنغا ئىشىنىدىغان ئاممىغا ئاچقۇچلۇق ۋاقىتتا ئىشىنىشكە ۋە تايىنىشقا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. چوڭ ھەق-چوڭ ناھەق مەسىلىسى ئالدىدا مەيداننى مۇستەھكەملەپ، كاللىسى سەگەك تۇتتى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش جەھەتتە ھەمىشە ئومۇمىي ۋەزىيەتنى مۇھىم بىلىپ ئىناق مەركىزىي شەھەر قۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىلىرىنى قوشتى.

دىنىي ئەسەبىيلىك دىن ئەمەس، ئەمما ئۇ دىنىنىڭ تونى، ئۇ دىنغا ئىشىنىدىغان ئاممىنى ئالدايدۇ ۋە مەجبۇرىي ئەگەشتۈرىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بويان شىنجاڭنىڭ

ئىچى، سىرتىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرى يۈز بېرىپ، دۆلەت ۋە خەلقىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. بولۇپمۇ «30 ـ ئاپرېل زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەسى»، «22 ـ ماي ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەسى» دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ تەسىرىدىن بولغان زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايى ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئۇلار دىنىنىڭ ئوبرازىغا زىيان سالدى، دىنىي ئىناقلىق تەرەققىياتىغا تەسىر قىلىدىغان يامان سۈپەتلىك ئۆسمىگە ئايلاندى. ھەر مىللەت ئاممىسى، دىنغا ئىشىنىدىغان ئاممىنىڭ ھەممىسى سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇپ ھەمدە پائال ھەرىكەتلىنىپ، دىنىي رادىكاللىزمغا «ياق» دەپ، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە ئورتاق قارشى تۇرۇپ، «ئۈچ خىل كۈچ» بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىشى كېرەك.

1. زوراۋانلىق، تېررورلۇقنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇش كېرەك.

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» كە ۋەكىللىك قىلىدىغان سېپى ئۆزىدىن زوراۋانلىق، تېررورلۇق كۈچى، ئەمما ئۇلار دائىم دىنىي تونىغا ئورىنىۋېلىپ، ئاتالمىش دىنىي ئەركىنلىك، مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش بىلەن نىقابلىنىۋېلىپ، دىنىنىڭ نامىنى سۈيىئىستېمال قىلىپ، ئاتالمىش «غازات» نى تەشۋىق قىلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن جەمئىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، بىگۇناھ ئاممىغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ۋەتەننى پارچىلاش، دىنىي ھاكىمىيەتنى يولغا قويۇش يامان غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدۇ.

ئۇلار ئاز ساندىكى كىشىلەرنى زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىنى سادىر قىلىشقا، بىگۇناھ كىشىلەرنى قالايمىقان ئۆلتۈرۈشكە كۈشكۈرتىدۇ، قايمۇقتۇرىدۇ. بۇ دىنىي سورۇنلاردا تەكىتلىنىۋاتقان تىنچلىق ، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىش روھىغا خىلاپ، دىنىنىڭ ئوبرازىغا زىيان يەتكۈزىدىغان، ئىنسانپەرۋەرلىككە قارشى، جەمئىيەتكە قارشى، مەدەنىيەتكە قارشى قىلمىش، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشىدىغان قىلمىش بولۇپ، ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ چوقۇم ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ. ئۇلار «كاپىرلارنى قەتلە قىلىپ، ئۆلۈپ كەتسە جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن جەمئىيەتكە قارشى، ئىنسانىيەتكە قارشى سەپسەتىگە ئىشىنىپ، بىگۇناھ ئاممىغا زىيانكەشلىك قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇپ، مىللىي نىزا پەيدا

قىلىدۇ. بۇ بىلىمسىزلىكنىڭ، نادانلىقنىڭ، قانۇندىن ساۋاتى يوقلۇقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭ دۆلەت قانۇنىنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىپ، ئىنسانىي ئەخلاق ـ پەزىلەتكە خىرىس قىلغانلىق، دىنىي ئەقىدە، دىنىي قائىدىگە ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. پۈتۈن شەھەردىكى ھەر مىللەت ئاممىسى يۈكسەك سەزگۈر بولۇپ، كۆزىنى يوغان ئېچىپ، تېخىمۇ ئاڭلىق بولۇپ، دىنىي رادىكال ئىدىيەلەر بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىپ، ئاسان قولغان كەلمىگەن ئىتتىپاق، مۇقىم، ئىناق ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئورتاق قوغدىشى كېرەك.

2. دىنىي ئەقىدىلەرنى توغرا شەرھىلەپ، توغرا ئېتىقاد تۇرغۇزۇش كېرەك. ئىسلام دىنى تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن، «ئىسلام» ئەسلىدىن تىنچلىق ، ئىتائەت قىلىش ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىدۇ. مۇسۇلمان دېگەنلىك ـ «ئېتىقادچى»، «تىنچلىقچى» دېگەنلىك، شۇنداقلا ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى ھەمدە تىنچلىقنى كۆزلەيدىغانلار دېگەنلىكتۇر ئىسلام دىنىدا زوراۋانلىققا، تېررورلۇققا، بىگۇناھ ئاممىنى ئۆلتۈرۈشكە قارشى تۇرۇلىدۇ. «قۇرئان»دا: ﴿كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ، كىمكى بىر ئادەمنىڭ ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولغاندەك بولىدۇ﴾ دېيىلگەن. شىنجاڭنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى بىر قاتار زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرى ھەر قانداق بىر تەقۋادار مۇسۇلمانغا ھەرگىز ۋەكىللىك قىلمايدۇ. ئىسلام دىنىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا قارشى تۇرۇلىدۇ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن باشقىلارنىڭ ھاياتىغا زىيان يەتكۈزۈش ئەڭ ئېغىر گۇناھ سانىلىدۇ؛ بىگۇناھ پۇقرانى ئۆلتۈرۈش جىھاد ئەمەس، ساۋابلىق ئىش ئەمەس، بۇ تەڭرىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ. بارلىق مۇسۇلمان ئاممىسى ساغلام دىنىي ئىدىيەنى پائال تىكلەپ ، ھوشيارلىقنى ئاشۇرۇپ، قەتئىي ئازماي، بىخۇدلاشماي، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە يول قويماسلىقى كېرەك.

3. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار، گۈزەل تۇرمۇشنى قەدىرلىشى كېرەك. دىنىي سورۇندا تەكىتلىنىۋاتقان ئاساسىي مەقسەت بىلەن «جۇڭگو ئارزۇسى» بىردەك، شۇڭا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى «جۇڭگو ئارزۇسى» نىڭ مۇھىم كۈچىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغان كۈچ بولۇپ ئويۇشۇش ئۈچۈن، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك

روھىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك. بىز ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش ئىسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن جەمئىيەت ۋە ئىناق بىللە ياشاش ئاساسىي مەقسىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دىنىي مەدەنىيەت، ئېتىكا، گۈزەل ئەخلاق، قائىدە-يوسۇنلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىپ، شەھىرىمىزدە ياشاۋاتقان ھەر بىر كىشىنىڭ شەرەپ-نومۇسىنى بىلىش، سەمىمىيەتكە ئەھمىيەت بېرىش، مەدەنىيەتنى تەكىتلەش، تۆھپە قوشۇش، تۇرمۇشنى قەدىرلەش ئىدىيەسىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. دۆلەتتە دۆلەت قانۇنى، دىندا دىنىي ئەھكام بولىدۇ. قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت ئامممىسىنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ قانۇن-نىزاملىرىغا رىئايە قىلىپ، دىنىي ئەقىدە-ئەھكاملار بويىچە ئىش قىلىشى، ئائىلە مىزانلىرىغا رىئايە قىلىشى كېرەك. قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىقى، تەشكىللىمەسلىكى، قانۇنسىز دىنىي تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى ساتماسلىقى، سېتىۋالماسلىقى، توردىكى دىنىي تەشۋىقات ھەرىكەتلىرىدىن پايدىلانماسلىقى كېرەك؛ جەمئىيەت تەرتىپىنى ئاڭلىق قوغداپ، ئىغۋاغا ئىشەنمەسلىكى كېرەك؛ ھەر قايسى مىللەتلەر ئىلغار مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كونا قائىدە-يوسۇن ۋە يامان ئادەت ھەم ساغلام بولمىغان تۇرمۇش ئادەتلىرىنى يېڭىپ، مەدەنىيلىكنى، تەرتىپنى تەكىتلەپ، ئار-نومۇسلۇق ياشاش يۈنىلىشىنى بىلىشى كېرەك؛ دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەدىن يىراقلىشىپ، ئالدىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

ئىناق جەمئىيەتتىن ھەممە كىشى بەھرىلىنىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقىنى ساقلاشتا ھەممە كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى بار. ھازىردىن باشلاپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ئۆزىدىن ۋە ئائىلىسىدىن باشلاپ قانۇنغا رىئايە قىلىپ، ئەدەپلىك، سەمىمىي، ياخشى پۇقرا ۋە ئۈممەت بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئېغىر مەسئۇلىيىتىنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مەڭگۈ نۇر چاقنىتىپ، ئىناقلىق، مۇقىملىقنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، شەھىرىمىزنىڭ كەلگۈسىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ چىقىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

# بۇ دۇنيالىق ئۈچۈن ئاكتىپ ئىشلەپ، ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرەيلى

أَعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

**إِنَّ الْحَمْدَ لِلّٰهِ نَحْمَدُهُ وَ نَسْتَعِيْنُهُ وَ نَسْتَغْفِرُهُ، وَ نَعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنْ شُرُورِ أَنْفُسِنَا، وَمِنْ سَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا، مَنْ يَهْدِهِ اللّٰهُ فَلاَ مُضِلَّ لَهُ ، وَمَنْ يُضْلِلْ فَلاَ هَادِىَ لَهُ ، وَأَشْهَدُ أَنْ لاَّ إِلٰـهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَ رَسُوْلُهُ صَلَّى اللّٰه عَلَيْهِ وَ عَلَى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ أَجْمَعِيْنَ . أَمَّا بَعْدُ :**

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ھۆرمەتلىك جامائەتلەر!

ھىدايەت يۇلتۇزلىرىدىن بولغان كاتتا ساھابىلەردىن بىرى شۇنداق خىتاب قىلىدۇكى: ”بۇ دۇنيالىقىڭ ئۈچۈن گويا مەڭگۈ ياشايدىغاندەك تىرىشقىن؛ ئاخىرەتلىكىڭ ئۈچۈن گويا ئەتىلا ئۆلىدىغاندەك تىرىشقىن.“. بۇ ئەسىر ـ ئىنسانىنىڭ ئېتىقادى بىلەن ئەمەل ـ ئىبادىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە ئىككى دۇنيالىق قارىشىنى ئىنچام ھەم تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىسلام دىنى ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەتكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان دىن. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلاردىن ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنۇپ، دىنىي ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

دۇرۇس ئەمەل توغرا ئېتىقادتىن كېلىدۇ، ئېتىقادنىڭ يېتەكلىشى بولغاندىلا ئاندىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە تۆھپە قوشقىلى، ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ يولىنى تاپقىلى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا پۈتۈن مەخلۇقاتنى ياراتتى، كىمكى ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە بويسۇنۇپ چەكتىن ئاشمىسا، شۇ كىشى ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىدىن چىقىپ ھەددىدىن ئاشسا، ئۇ كىشى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ. كىشىلەر ھەق بىلەن ناھەقنى، ھالال بىلەن

هارامنى ئىنىق ئايرىپ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرالىسا، ئاندىن ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەتنى تەڭلا قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. بىلىمسىزلىك بىلەن تەكەببۇرلۇق، شەخسىيەتچىلىك بىلەن ئاچكۆزلۈك، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش قاتارلىق بۇ قىلمىشلار ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. شۇنداقلا رەسۇلۇللاھنىڭ تۇتقان يولىغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر بۇ دۇنيادا قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچراپلا قالماي، بەلكى ئاخىرەتتىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئاگاھلاندۇرغان جازاسىغا ئۇچرايدۇ. شۇڭلاشقا، ئىسلام دىنى ئىككى دۇنيالىقنى تەڭ ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىتلەيدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللهُ الدَّارَ الْآخِرَةَ وَلَا تَنسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن ﴾ (28 ـ سۈرە / قەسەس / 77 ـ ئايەت)**

«قۇرئان كەرىم» كىشىلەرگە بۇ دۇنيادا ياشاشنىڭ مەقسىتى ھەمدە ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتلەرنى ئېنىق سۆزلەپلا، ئۆزىگە، ئائىلىسىگە، جەمئىيەتكە، مىللەتكە نىسبەتەن ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنى تونۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِلَيْهِ مَرْجِعُكُمْ جَمِيعًا وَعْدَ اللهِ حَقًّا إِنَّهُ يَبْدَأُ الْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُ لِيَجْزِيَ الَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ بِالْقِسْطِ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. شۈبھىسىزكى، مەخلۇقاتنى دەسلەپتە ئاللاھ ياراتقان، ئۇ ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارنى ئادىللىق بىلەن مۇكاپاتلاش ئۈچۈن قايتا تىرىلدۈرىدۇ﴾ (10 ـ سۈرە / يۇنۇس 4 ـ ئايەت)**

[عَنِ الْمِقْدَامِ رَضِيَ اللهُ عَنْه عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَا أَكَلَ أَحَدٌ طَعَامًا قَطُّ خَيْرًا مِنْ أَنْ يَأْكُلَ مِنْ عَمَلِ يَدِهِ وَإِنَّ نَبِيَّ اللهِ دَاوُدَ عَلَيْهِ السَّلَام كَانَ يَأْكُلُ مِنْ عَمَلِ يَدِهِ]

**"مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىر كىشى ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ يېگەن تائامدىنمۇ ياخشىراق بىرەر لوقما تائام يېمەيدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز قولىغا تايىنىپ ئىشلەپ يەيتتى."**

ئىسلام دىنىنىڭ ئاخىرەت ھەققىدىكى بايانلىرىدا، كىشىنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنى ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ئەمەل ئىبادەتلىرىگە باغلىق ئىكەنلىكى، شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلارنى ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىپ، ئاخىرەتتە ياخشى ئەجىر-مۇكاپاتلارغا ئېرىشىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ دۇنيالىق ھايات پەقەتلا بىر سىناق مەيدانىدۇر، ئاخىرەتتە ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ سىناق نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. بىز ھەممىمىز ئاخىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز. ئاللاھنىڭ بىزنى دوزاختىن ساقلاپ فىردەرس جەننىتىدە مەڭگۈلۈك تۇرغۇزۇشىنى سورايمىز. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ كَانَتْ لَهُمْ جَنَّاتُ الْفِرْدَوْسِ نُزُلًا﴾

**تەرجىمىسى: ﴿شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ جايى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ﴾ (18 ـ سۈرە / كەھف 107 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿لِلَّذِينَ أَحْسَنُواْ فِي هَذِهِ الدُّنْيَا حَسَنَةٌ وَلَدَارُ الآخِرَةِ خَيْرٌ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بۇ دۇنيادا مۇكاپاتلىنىدۇ، ئاخىرەت تۇرالغۇسى تېخىمۇ ياخشىدۇر﴾ (16 ـ سۈرە / نەھل 30 ـ ئايەت)**

بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمىرلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ ئەمەل قىلمىغان، ھەق يولدىن يىراقلاشقان كىشى ئاخىرەتتە مۇقەررەر ھالدا ئاللاھ تائالا ئاگاھلاندۇرغان جازاغا دۇچار بولىدۇ. بۇ دۇنيادا ئىسلام دىنىدا چىڭ تۇرۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلغان كىشى، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى بىلەن ۋەدە قىلىنغان جەننەتكە مۇشەررەپ بولالايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېتىزىدۇر"، ئاخىرەتتىكى نىجاتلىقنىڭ ئاساسى بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەل-ئىبادەتلەرگە باغلىق. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَمَن يَّعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَّرَهُ وَمَن يَّعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾ (99 ـ سۈرە / زەلزەلە 7 ـ ، 8 ـ ئايەت)**

بۇ دۇنيادىكى ھەر بىر سۆز ـ ھەرىكەت، ھەر بىر ياخشى ـ يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاخىرەتتە سورىقى ۋە جازا ـ مۇكاپاتى بولىدۇ.

بىز بۇ دۇنيالىق ھاياتنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن پەقەتلا بىر سىناق ئىكەنلىكىنى، بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ زىرائەتگاھى ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك. ھاياتلىق پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ. شۇڭا، بىز قىسقىغىنە ھاياتىمىزنى قەدىرلەپ، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسى رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىپ، بۇ دۇنيالىقنى دەپ ئۇ دۇنيالىقنى ئۇنتۇيدىغان، ئۇ دۇنيانى دەپ بۇ دۇنيالىقنى تاشلايدىغان ئىشلارنى قىلماي، ھەر ئىككى دۇنيا ئۈچۈن ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىپ، بۇ دۇنيالىق شان ـ شەرەپنى ۋە ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشايلى!

﴿ رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ئى رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾ (2 ـ سۈرە بەقەرە 201 ـ ئايەت) ئامىن!**

(مەزكۇر ماقالىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى تەمىنلىگەن)

---

سُبْحَانَ ذِي الْمُلْك وَالْمَلَكُوتِ، سُبْحَانَ ذِي الْعِزَّةِ وَالْعَظَمَةِ وَالْقُدْرَةِ وَالْكِبْرِيَاءِ وَالْجَبَرُوتِ، سُبْحَانَ الْمَلِكِ الْحَيِّ الَّذِي لاَ يَنَامُ وَلاَ يَمُوتُ، سُبُّوحٌ قُدُّوسٌ، رَبُّنَا وَرَبُّ الْمَلاَئِكَةِ وَالرُّوحِ. لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللهُ نَسْتَغْفِرُ اللهَ نَسْأَلُكَ الْجَنَّةَ وَنَعُوذُبِكَ مِنَ النَّارِ، يَا أَرْحَمَ الرَّاحِمِينَ

**پادىشاھلىق ۋە ئىگىلىك ھوقۇق ئىگىسى ئاللاھ پاكتۇر، غالىپلىق، ئۇلۇغلۇق، كۈچ ـ قۇدرەت، ھۆكۈمرانلىق، سەلتەنەت ئىگىسى ئاللاھ پاكتۇر. ئۇخلىمايدىغان، ۋاپات تاپمايدىغان، ھەمىشە تىرىك بولغۇچى، مۇتلەق پادىشاھ ئاللاھ پاكتۇر، ئاللاھ كۆپ تەسبىھ ئوقۇلغۇچىدۇر، ھەممە نوقساندىن پاكتۇر، ئۇ بىزنىڭ رەببىمىز ۋە ئۇ پەرىشتىلەرنىڭ ۋە جىبرىئىلنىڭ رەببى، ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق. بىز ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمىز، ئى ئەڭ مەرھەمەتلىك ئاللاھ! بىز سەندىن جەننەتنى تىلەيمىز، ساڭا سېغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلەيمىز!**

# پەرزەنت تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىپ، پەرزەنت تەربىيەلەش مەجبۇرىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلايلى

أَعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ   بِسْمِ اللهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيْمِ

الْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ عَلَى جَزِيْلِ نِعَمِهِ وَوَاسِعِ فَضْلِهِ، أَمَرَ وَأَوْجَبَ عَلَى الْآبَاءِ تَرْبِيَّةَ أَوْلَادِهِمْ عَلَى الْخَيْرِ وَالْفَضِيْلَةِ، وَأَوْجَبَ عَلَى الْأَوْلَادِ طَاعَةَ أَبَائِهِمْ فِي الْمَعْرُوفِ وَبِرِّهِمْ وَالْإِحْسَانِ إِلَيْهِمْ فِي تِلْكَ التَّرْبِيَّةِ الْحَمِيدَةِ وَقُل رَّبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا وَأَشْهَدُ أَن لاَّإِلَهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يَقُولُونَ عُلُوًّا كَبِيرًا وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ أَرْسَلَ بَيْنَ يَدَيِ السَّاعَةِ بَشِيرًا وَنَذِيرًا وَدَاعِيًا إِلَى اللهِ بِإِذْنِهِ وَسِرَاجًا مُنِيرًا صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وعَلَى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ وَسَلَّمَ تَسْلِيمًا كَثِيرًا. أَمَّا بَعْدُ:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ!

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ لَا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ

**تەرجىمىسى: ﴿ئى مۆئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالىچاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان، قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار. ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ﴾ (66 ـ سۈرە / تەھرىم 6 ـ ئايەت)**

يۇقۇرىقى ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى تەپەككۇر قىلىپ ئويلانغان كىشى ئاللاھ تائالانىڭ بىز مۇسۇلمانلارغا ئۆزىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىمىزنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. يەنى ئۆزىمىز سالىھ ئەمەللەرنى

www.uyghurkitap.com

قىلىپ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشكە تىرىشىش بىلەن بىرگە ئەۋلادلىرىمىزنىمۇ ياخشى تەربىيەلەپ، ئۆزىمىز ۋە ئائىلىمىزنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىشىمىز كېرەك. ئىسلامدا ئاتا ـ ئانىلىق مەجبۇرىيەتلەرنى ياخشى ئادا قىلماسلىقمۇ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

بىر ئاتا ـ ئانا بولغۇچىغا نىسبەتەن، بالا ـ چاقىلىرىمىزنى چوڭ قىلىپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئەڭ مۇھىمى بالا ـ چاقىنى قانداق تەربىيەلەشتە. پەرزەنت كىچىك ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىسىنى دوراشقا ماھىر بولىدۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتى پەرزەنتىنىڭ ياخشى ئادەم بولۇپ يېتىلىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئاتا ـ ئانىدىكى بولمىغۇر ئىللەتلەر بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە يامان تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق ئىشتا پەرزەنتلەر ئالدىدا نەمۇنە بولۇشى، ياخشى ئۈلگە بولۇشى كېرەك. ئاتا ـ ئانا پەرزەنتلىرىنىڭ ئەتراپلىق تەربىيىلىنىشىگە زۆرۈر بولغان شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم. ئىسلام دىنىمىز ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُولُوا الْأَلْبَابِ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ئېيتقىنكى، «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرىلا ئىبرەت ئالىدۇ﴾ (39 ـ سۈرە / زۇمەر 9 ـ ئايەت)**

مانا بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئىلىم تەھسىل قىلىشقا چاقىرىق قىلىدۇ.

يەنە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ مۇنداق دېگەن:

[ طَلَبُ الْعِلْمِ فَرِيْضَةٌ عَلَى كُلِّ مُسْلِمٍ ومُسْلِمَةٍ ]

**«ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر ئەر ـ ئايال مۇسۇلمانغا پەرزدۇر» (ئىبنى ماجە).**

[مَنْ سَلَكَ طَرِيقًا يَلْتَمِسُ فِيهِ عِلْمًا سَهَّلَ اللهُ لَهُ بِهِ طَرِيقًا اِلَى الْجَنَّةِ]

**"كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىغا ماڭسا، ئاللاھ شۇ سەۋەبلىك ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ يولىنى ئاسان قىلىپ بېرىدۇ." (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

ئاتا ـ ئانا پەرزەنتلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مۇئەللىمى ھېسابلىنىدۇ. ئاتا ـ

ئانىنىڭ كۆڭۈل بۆلىشى، كۆيۈنۈشى، ئاسرىشى، ياخشى تەربىيەلىشى پەرزەنتىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئىنتايىن مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[كُلُّ مَوْلُودٍ يُولَدُ عَلَى الْفِطَرْةَ، فَأَبَوَاهُ يُهَوِّدَانِهِ أَوْ يُنَصِّرَانِهِ أَوْ يُمَجِّسَانِهِ]

**" ئاللاھ تائالا ھەر بىر ئىنسان بالىسىنى ئاللاھنى تونۇشتىن ئىبارەت ساغلام تەبىئەت (توغرا ئەقىدە، ساغلام خاراكتېر) ئۈستىدە يارىتىدۇ، بىراق ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يا يەھۇدىي قىلىدۇ ياكى خرىستىئان قىلىدۇ، ياكى مەجۇسىي قىلىدۇ " (بۇخارىي رىۋايەت قىلغان)**

ناۋادا ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئۆز پەرزەنتىنى ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە تەربىيەلىمەي، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ، جەمئىيەتكە زىيان سالىدىغان ئادەم قىلىپ تەربىيەلىسە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئوخشاشلا تېگىشلىك جازاغا تارتىلىدۇ. ياخشى تەربىيە ئالمىغان پەرزەنت ئاتا ـ ئانىسىغا، شۇنداقلا ئاۋام ـ خەلققە ياخشىلىق ئەمەس بەلكى ھەرخىل بالايى ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز پەرزەنتىنى ياخشى تەربىيەلەپ چوڭ قىلىش ئاتا ـ ئانىغا نىسبەتەن ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەت ھېسابلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ ئېسىل، ئەڭ كاتتا ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ.

بالىغا ياخشى ئىسىم قويۇش، ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق، ئىلىم ـ مەرىپەتلىك، ھۆنەر ـ كەسىپلىك قىلىپ تەربىيەلەش ئىسلام دىنىدا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ:

[كُلُّكُمْ رَاعٍ وَ كُلُّكُمْ مَسْؤُلٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ]

**"سىلەر ھەممىڭلار پادىچىغا ئوخشايسىلەر، (قىيامەت كۈنىدە) ھەممىڭلار ئۆز پاداڭلار (مەسئۇلىيىتىڭلار) ھەققىدە سورىلىسىلەر." (ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)**

ۋەھالەنكى، بىز ئېچىنغان ھالەتتە شۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىزكى، ھازىر نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى ياخشى ئادا قىلماي، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تەربىيەلىنىشىگە ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ، بولۇپمۇ

پەرزەنتلەرنىڭ ئەقىدىسىگە ۋە ئەخلاقىغا ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ. ناۋادا ئاتا ـ ئانا پەرزەنتلىرىنىڭ ئەقىدە، ئەخلاقىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە سەل قارىسا، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ روھىغا مۇخالىپ ئىش قىلغان بولىدۇ. ئەۋلادلارنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىلمىسە، ئۇلار يولدىن ئادىشىپ قالغان كىشىدەك بولۇپ قالىدۇ، ھەتتاكى شۇ سەۋەبلىك گۇناھ مەسىيەتكە (جىنايەت ئازگىلىغا) چۈشۈپ كېتىدۇ. "ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان" مۇسۇلمانلاردىن بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىز چوقۇم ياخشى تەربىيەچى بولۇشىمىز، ئۆزىمىزنى ياخشى تەربىيەلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئائىلىمىزدىكىلەرنى ياخشى يېتەكلىشىمىز، ئۇلارنى ۋەتەننى، دىننى سۆيىدىغان، ئەخلاقلىق، يارامىلىق، ئىلىمگە ئىنتىلىدىغان تەقۋادار مۇسۇلمان قىلىپ تەربىيەلىشىمىز لازىم.

ئاخىرىدا خۇتبىمىزنى ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز:

﴿ وَمَن تَابَ وَعَمِلَ صَالِحًا فَإِنَّهُ يَتُوبُ إِلَى اللَّـهِ مَتَابًا وَالَّذِينَ لَا يَشْهَدُونَ الزُّورَ وَإِذَا مَرُّوا بِاللَّغْوِ مَرُّوا كِرَامًا وَالَّذِينَ إِذَا ذُكِّرُوا بِآيَاتِ رَبِّهِمْ لَمْ يَخِرُّوا عَلَيْهَا صُمًّا وَعُمْيَانًا وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِيْنَ إِمَامًا ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿كىمكى تەۋبە قىلىدىكەن ۋە قىلمىشىنى تۈزەيدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ئاللاھقا يۈزلەنگەن بولىدۇ. ئۇلار (يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، بىھۇدە سۆز ـ ھەرىكەتلەرگە يولۇققاندا ئۆز ھۆرمىتىنى ساقلاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن نەسىھەت قىلىنسا، گاس، كور بولۇۋالمايدۇ؛ ئۇلار «ئى رەببىمىز! بىزگە خوتۇنلىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى قىلغىن» دەيدۇ﴾**

**(25 ـ سۈرە / فۇرقان 74 ـ ئايەت)**

(مەزكۇر ماقالىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى تەمىنلىگەن)

# ئاشقۇنلۇقتىن ساقلىنىپ، ئوتتۇراھال يول تۇتۇشتا چىڭ تۇرايلى

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

إنَّ الْحَمْدَ لِلّٰهِ نَحْمَدُهُ وَنَسْتَعِيْنُهُ وَنَسْتَغْفِرُهُ وَنَعُوْذُ باللّٰهِ مِنْ شُرُوْرِ أَنْفُسِنَا وَمِنْ سَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا مَنْ يَهْدِهِ اللّٰهُ فَلا مُضِلَّ لَهُ وَمَنْ يُضْلِلْ فَلا هَادِيَ لَهُ وَأَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لا شَرِيكَ لَهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَعَلَى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ أَجْمَعِيْنَ. أَمَّا بَعْدُ:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۆھتەرەم جامائەتلەر!

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَاسْتَقِمْ كَمَا أُمِرْتَ وَمَن تَابَ مَعَكَ وَلاَ تَطْغَوْا إِنَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿(ئى مۇھەممەد) ئاللاھ بۇيرۇغاندەك توغرا يولدا بولغىن، ساڭا ئىمان ئېيتقانلارمۇ توغرا يولدا بولسۇن. ئاللاھنىڭ چەكلىرىدىن چىقىپ كەتمەڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾ (11 ـ سۈرە / ھۇد 112 ـ ئايەت)**

ئىسلام دىنىمىزدىكى ئوتتۇراھال يول بىز مۇسۇلمانلارنىڭ مىزانى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىدىغان مۇسۇلمانلار دەل ئاشۇ ئوتتۇراھال يول تۇتقۇچىلاردۇر. ئۇلار ھەرگىزمۇ ئىبادەتلىرىدە چەكتىن ئاشۇرۋەتمەيدۇ، بەلكى باشتىن ئاخىر ئوتتۇراھال يولدا ماڭىدۇ.

[عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ: خَطّ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ خَطًّا بِيَدِهِ ثُمَّ قَالَ " هَذَا سَبِيلُ اللهِ مُسْتَقِيمًا قَالَ: ثُمَّ خَطَّ عَنْ يَمِينِهِ وَشِمَالِهِ ثُمَّ قَالَ: هَذِهِ السُّبُلُ لَيْسَ مِنْهَا سَبِيلٌ إِلاَّ عَلَيْهِ شَيْطَانٌ يَدْعُو إِلَيْهِ ثُمَّ قَرَأَ: ﴿ وَأَنَّ هَذَا صِرَاطِي مُسْتَقِيمًا فَاتَّبِعُوهُ، وَلَا تَتَّبِعُوا السُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمْ عَنْ سَبِيلِهِ، ذَلِكُمْ وَصَّاكُمْ بِهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ﴾ (رَوَاهُ أَحْمَدُ)

**"جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى**

ۋەسەللەم ئۆز قولى بىلەن بىر سىزىقنى سىزدى، ئاندىن دېدىكى: «بۇ ئاللاھنىڭ توغرا يولىدۇر»، ئاندىن ئۇ سىزىقنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە يەنە ئايرىم ـ ئايرىم سىزىق سىزدى، ۋە مۇنداق دېدى: «بۇ يوللار پەقەت شەيتان ئۆزىگە چاقىرىدىغان يوللاردۇر.» ئاندىن تۆۋەندىكى ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى:

﴿ وَأَنَّ هَذَا صِرَاطِي مُسْتَقِيمًا فَاتَّبِعُوهُ ، وَلَا تَتَّبِعُوا السُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمْ عَنْ سَبِيلِهِ ، ذَلِكُمْ وَصَّاكُمْ بِهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿بۇ ھەقىقەتەن مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇڭا سىلەر مۇشۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇ ناتوغرا يوللار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ. دوزاختىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ﴾ (6 ـ سۈرە / ئەنئام 153 ـ ئايەت)**

يۇقىرىقى ئايەت كەرىمىدە زىكىر قىلىنغان "توغرا يول" بۇ يەردە "ئوتتۇراھال يول" نى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ھەرقانداق ئىشتا "ئوتتۇراھال يول" تۇتۇشىمىزنى، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكىمىزنى ئېيتىپ ئۆتكەن، شۇڭا ھەرقانداق ئىشتا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش خاتادۇر.

ئىسلام دىنى ئوتتۇراھال يول تۇتۇشنى تەكىتلەيدىغان دىندۇر، يۇقىرىقى ئايەت، ھەدىسلەر بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ. "ئوتتۇراھال يول" توغرا يول دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام دىنىمىزدىكى توغرا يول دەل ئاللاھ تائالانىڭ يولىدۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطًا لِّتَكُونُواْ شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيدًا﴾

**تەرجىمىسى: ﴿بىز سىلەرنى توغرا يولغا باشلىغاندەك، سىلەرنىڭ كىشىلەرگە شاھىت بولۇشۇڭلار ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن سىلەرنى ئادىل ئۈممەت قىلدۇق﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 143 ـ ئايەت)**

ئوتتۇراھال يول تۇتۇش تەشەببۇسى ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ ئالىيجاناب روھتۇر. ئىسلام دىنى دوستانىلىقنى، كەڭ قورساقلىقنى تەشەببۇس قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ھەر قانداق ئىش ـ ھەرىكەتتە چەكتىن ئاشۇرىۋەتمەسلىكنىمۇ

تەكىتلەيدۇ. مانا مۇشۇ تەشەببۇسلارغا ئاساسلانغاندا، بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىز ئەلۋەتتە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشقا قارشى تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان ئاشقۇنلۇقنى تەشۋىق قىلىشقىمۇ ئوخشاشلا قارشى تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[إِيَّاكُمْ وَ الْغُلُوَّ فَإِنَّمَا هَلَكَ مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ بِالْغُلُوِّ فِي الدِّينِ]

**”سىلەر دىندا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ھەزەر قىلىڭلار. ھەقىقەتەن سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكتىن ھالاك بولۇپ كەتكەن“ (ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)**

ئوتتۇراھال يولدا مېڭىپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى كۆزلىگەن مۆئمىن مۇسۇلمانلارغا بېرىلىدىغان ئەجىر-ساۋاب كاتتىدۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللَّهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ الْمَلَائِكَةُ أَلَّا تَخَافُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَبْشِرُوا بِالْجَنَّةِ الَّتِي كُنتُمْ تُوعَدُونَ نَحْنُ أَوْلِيَاؤُكُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَفِي الْآخِرَةِ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَشْتَهِي أَنفُسُكُمْ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَدَّعُونَ ﴾

**﴿شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھتۇر» دېگەن، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، بۇلار ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن تەييارلانغان زىياپەتتۇر» دەيدۇ﴾ (41 ـ سۈرە / فۇسسىلەت 30 ـ ،31 ـ ئايەت)**

ھەر قانداق ئىشنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشكە قارشى تۇرۇپ، ئوتتۇراھال يول تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش، ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشكە ئىنتىلىش بولسا ئىسلام دىنىنىڭ ھەر بىر مۇسۇلماندىن كۈتىدىغان تەلىپى. بىز جامائەتلىرىمىزنىڭ ھەرقانداق ئىشتا ئوتتۇراھال يول تۇتۇشنى ئېسىدە چىڭ ساقلىشىنى، ھەرقانداق ئىشتا ئوتتۇراھال يول تۇتۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ

رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

[عَنْ أَبِي عَمْرٍو سُفِيَانَ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللهِ! قُلْ لِي فِي الإِسْلاَمِ قَوْلاً لاَ أَسْأَلُ عَنْهُ أَحَدًا غَيْرَكَ، قَالَ: قُلْ: آمَنْتُ بِاللهِ ثُمَّ اسْتَقِمْ.] (رَوَاهُ اَلْمُسْلِمُ)

**”ئەبۇ ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمدىن : ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئىسلام دىنىدىن بىر تەلىم بەرگىن، مەن بۇ تەلىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، باشقا ھېچكىمدىن سورىمايدىغان بولاي، دېگەنىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ئاللاھقا ئىمان ئېيتتىم دېگىن، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغىن.“ (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

ئى ئاللاھ! ”بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن).“

ئى ئاللاھ! سىلىنىڭ بىزنى ئوتتۇراھال يولدا، يەنى ئىسلامنىڭ توغرا يولدا مېڭىشىمىزغا مۇشەررەپ قىلىشلىرىنى سورايمىز. ئامىن!

وَآخِرُ دَعْوَانَا أَنِ الْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعٰلَمِينَ

سُبْحَانَ رَبِّكَ رَبِّ الْعِزَّةِ عَمَّا يَصِفُونَ وَسَلاَمٌ عَلَى الْمُرْسَلِينَ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعٰلَمِيْنَ

(مەزكۇر ماقالىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى تەمىنلىگەن)

# ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنەك ئىسلام ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇپ، دوزاخ ئازابىدىن ساقلىنايلى

أَعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

إِنَّ الْحَمْدَ لِلّٰهِ نَحْمَدُهُ وَ نَسْتَعِيْنُهُ وَ نَسْتَغْفِرُهُ، وَ نَعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنْ شُرُوْرِ أَنْفُسِنَا، وَ مِنْ سَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا، مَنْ يَّهْدِهِ اللّٰهُ فَلاَ مُضِلَّ لَهُ ، وَمَنْ يُضْلِلْ فَلاَ هَادِىَ لَهُ ، وَأَشْهَدُ أَن لاَّ إِلَهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَ رَسُوْلُهُ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَ عَلَى آلِهِ وَ أَصْحَابِهِ أَجْمَعِيْنَ .

أَمَّا بَعْدُ:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەزىز قېرىنداشلار!

ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا مۇبارەك «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلْتَكُنْ مِّنكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كىشىلەرنى خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 104 ـ ئايەت)**

﴿كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ باللّٰهِ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 110 ـ ئايەت)**

يۇقىرىقى ئايەتلەر بىزگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە تىلغا ئالغان ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۆگىنىش ئۈلگىسى قىلىپ بەرگەن ئالاھىدە ئۈممەت ئىكەنلىكىنى

كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا بىز مۇسۇلمانلار ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتا ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدىن باشلاپ، باشقىلارغا ياخشى ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرىشىمىز، باشقىلارنى يامان ئىشلاردىن توسۇپ، توغرا يوللارغا باشلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بىز دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بەخت ـ سائادەتلەرگە ئېرىشەلەيمىز.

ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۇسۇلمانلارنى ياخشى ئەمەللەر بىلەن مەشغۇل بولۇشقا ۋە باشقىلارنىمۇ ياخشىلىققا بۇيرۇشقا ئۈندىگەن.

[عَنْ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيهِ وَ سَلَّم: اَلدَّالُّ عَلَى الْخَيرِ كَفَاعِلِهِ]

**"ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنى ياخشى ئىش قىلىشقا يېتەكلىگەن ئادەم ئۆزى ياخشى ئىش قىلغاندەك بولىدۇ" (ھافىز رىۋايەت قىلغان)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىزنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا بۇيرۇپلا قالماستىن، يامان ئىشلاردىن يېنىشىمىزغا ۋە باشقىلارنىمۇ يامان ئىشلاردىن توسۇشىمىزغا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن:

[مَنْ رَاَى مِنْكُمْ مُنْكَرًا فَلْيُغَيِّرْهُ بِيَدِهِ فَاِنْ لَّمْ يَسْتَطِعْ فَبِلِسَانِهِ فَاِنْ لَّمْ يِسْتَطِعْ فَبِقَلْبِهِ وَذَلِكَ اَضْعَفُ الْاِيْمَانِ.]

**«كىمكى بىرەر يامان ئىشنى كۆرسە، ئۇنى ھەرىكىتى ئارقىلىق توسسۇن؛ ئۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمىسا سۆزى ئارقىلىق توسسۇن؛ بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا، ئۇنىڭغا دىلىدا نارازى بولسۇن، بۇ ئىماننىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدۇر» (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).**

[عَنْ حُذَيْفَةَ رَضِىَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَتَأْمُرُنَّ بِالْمَعْرُوفِ وَلَتَنْهَوُنَّ عَنِ الْمُنْكَرِ أَوْ لَيُوشِكَنَّ اللهُ عَزَّ وَجَلَّ أَنْ يَبْعَثَ عَلَيْكُمْ عَذَابًا مِنْ عِنْدِهِ ثُمَّ تَدْعُونَهُ فَلاَ يُسْتَجَابُ لَكُمْ.] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**"ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر ياكى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇسىلەر، ياكى ئاللاھ تائالا ئۆز تەرىپىدىن سىلەرگە بىر ئازاب ئەۋەتىدۇ ـ**

**ده، شۇ ئازاپنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ئۈچۈن ئاللاھقا ھەر قانچە دۇئا قىلساڭلارمۇ، دۇئايىڭلار ئىجابەت بولمايدۇ.“**

ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامان ئىش قىلىشتىن توسۇش بولسا ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەل ھەمدە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتتۇر. ئەگەر ھەممە مۇسۇلمان پەقەت ئۆزىنىڭ بەش پەرزىنىلا ئادا قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھ تائالا كۆرسىتىپ بەرگەن باشقا ياخشى ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللانماي، ناچار ئادەتلەرنى، ناچار قىلىقلارنى، يامان ئىشلارنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، ئۇنى توسىمىسا، ئۇنىڭغا سەل قارىسا، ئۇ قانداقمۇ لاياقەتلىك مۇسۇلمان ھېسابلانسۇن؟ ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَىٰ وَلَا تَعَاوَنُوا عَلَى الْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾

**«ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر.» (5 ـ سۈرە / مائىدە 2 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بىزنىڭ ھەقىقىي ياردەملىشىشكە تېگىشلىك ئىش بىلەن بىز قارشى تۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشنىڭ قايسى ئىش ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرسىتىپ بەردى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ھۆرمەتكە لايىقلىرىڭلار تەقۋادارلىرىڭلاردۇر» دېگەن. «تەقۋادار» دېگەنلىك ئىمانى چىڭ، ئېتىقادى دۇرۇس، ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىغا پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن بويسۇنۇپ، ئۆز ئىمانىنى ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتلىرى بىلەن نۇرلاندۇرغان لاياقەتلىك مۇئمىن مۇسۇلمان دېگەنلىك بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئەلچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يامان ئىشنى كۆرۈپ تۇرۇپ توسىمىغان ئادەملەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا بىر مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتكەنلىكىنى ئىمام بۇخارى نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان :

[عَنْ النُّعْمَانَ بْنِ بَشِيرٍ رَضِي اللَّهُ عَنْهُمَا عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: مَثَلُ الْقَائِمِ

عَلَى حُدُودِ اللهِ وَالْوَاقِعِ فِيهَا، كَمَثَلِ قَوْمٍ اسْتَهَمُوا عَلَى سَفِينَةٍ، فَأَصَابَ بَعْضُهُمْ أَعْلاهَا وَبَعْضُهُمْ أَسْفَلَهَا، فَكَانَ الَّذِينَ فِي أَسْفَلِهَا إِذَا اسْتَقَوْا مِنَ الْمَاءِ، مَرُّوا عَلَى مَنْ فَوْقَهُمْ، فَقَالُوا: لَوْ أَنَّا خَرَقْنَا فِي نَصِيبِنَا خَرْقًا، وَلَمْ نُؤْذِ مَنْ فَوْقَنَا، فَإِنْ يَتْرُكُوهُمْ وَمَا أَرَادُوا هَلَكُوا جَمِيعاً، وَإِنْ أَخَذُوا عَلَى أَيْدِيهِمْ نَجَوْا وَنَجَوْا جَمِيعًا]

**”نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلاردا بولغۇچى ۋە ئۇنى قىلغۇچى خۇددى كېمىگە چىقىپ، قەيەردە ئولتۇرۇش توغرىسىدا چەك تاشلاشقان، نەتىجىدە بەزىلىرى كېمىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە، يەنە بەزىلىرى كېمىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە ئولتۇرغان بىر توپ كىشىگە ئوخشايدۇ، ئاستىنقى قەۋەتتە ئولتۇرغانلار سۇ ئىچمەكچى بولسا چوقۇم كېمىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە چىقىشى لازىم ئىدى. شۇڭا ئۇلار: ئەگەر بىز كېمىنىڭ ئاستىدىن بىر تۆشۈك ئاچساق، سۇ ئىچىش ئۈچۈن ئۈستىمىزدىكىلەرگە ئەزىيەت بەرمەيتتۇق، دەپ مەسلىھەت قىلىشتى. ئەگەر كېمىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكىلەر ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرسە، كېمىدىكى ھەممە ئادەم غەرق بولۇپ كېتەتتى. مۇبادا ئۈستىنكى قەۋەتتىكىلەر ئۇلارنى ئۇنداق قىلىشتىن توسسا، ھەممىيلەن ئامان قالاتتى.“ (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).**

بىز ياشاۋاتقان بۇ جەمئىيەت گويا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوخشاتقاندەك بىر كېمىگە ئوخشاشتۇر، بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن بولمىغۇر قىلمىشلار، ناچار ئىشلار، ئەخلاقسىز ئادەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى خۇددى ھەدىستە بايان قىلىنغان كېمىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كېمىنىڭ ئاستىدىن تۆشۈك ئاچماقچى بولغىنىدەك بىر ئىشتۇر.

جەمئىيەت دېگەن بىر ئورتاق گەۋدە بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر بۆلىكى، ھەربىر ئەزاسى، ھەربىر تارمىقى ئۇنىڭ مۇكەممەل ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر مۇسۇلمان ئاللاھ تائالا ئىنساننى يارىتىشتا ئىرادە قىلغان مەقسەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۆزى

ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى، ئامانلىقى، تەرەققىياتى، يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كۈچىنىڭ يېتىشىچە، شارائىتىنىڭ يار بېرىشىچە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ھەسسە قوشۇشى زۆرۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر مۇسۇلمان يامان ئەمەل، يامان ھەرىكەت، ناچار ئادەت ۋە قىلمىشلارنى كۆرگەندە، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ھەرىكىتىمىز بىلەن توسۇشىمىز، ئامال بولمىغاندا سۆزىمىز بىلەن قارشىلىق بىلدۈرۈشىمىز، بولمىغاندا دىلىمىزدا نارازى بولۇشىمىز لازىم .

ئاخىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ ھەربىر مۇسۇلمانغا ياخشى ئەمەللەرنى كۆپلەپ قىلىش ۋە يامان ئىشتىن توسۇش ئۈچۈن مۇكەممەل ئېتىقاد، كۈچلۈك ئىمان ئاتا قىلىشىنى تىلەيمىز. خۇتبىمىزنى ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايىتى بىلەن ئاياغلاشتۇرماقچىمىز!

﴿لِلَّذِينَ أَحْسَنُواْ الْحُسْنَى وَزِيَادَةٌ وَلاَ يَرْهَقُ وُجُوهَهُمْ قَتَرٌ وَلاَ ذِلَّةٌ أُوْلَئِكَ أَصْحَابُ الْجَنَّةِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ . وَالَّذِينَ كَسَبُواْ السَّيِّئَاتِ جَزَاءُ سَيِّئَةٍ بِمِثْلِهَا وَتَرْهَقُهُمْ ذِلَّةٌ مَّا لَهُم مِّنَ اللّهِ مِنْ عَاصِمٍ كَأَنَّمَا أُغْشِيَتْ وُجُوهُهُمْ قِطَعًا مِّنَ اللَّيْلِ مُظْلِمًا أُوْلَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ. ئەنە شۇلار جەننەتكە كىرىدىغانلار بولۇپ، جەننەتتە مەڭگۈ تۇرغۇچىلاردۇر. يامان ئىشلارنى قىلغۇچىلار قىلغان يامانلىقىغا لايىق جازاغا ئۇچرايدۇ، ئۇلار ئېغىر خارلىققا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزغۇچى زادى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى گويا قاراڭغۇ كېچىنىڭ زۇلمىتى بىلەن ئورالغاندەك قارىيىپ كېتىدۇ، ئەنە شۇلار دوزاخقا كىرىدىغانلار بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴾ (10 ـ سۈرە / يۇنۇس 26 ـ ،27 ـ ئايەتلەر)**

رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ، وَقِنَا عَذَابَ الْقَبْرِ
وَأَدْخِلْنَا الْجَنَّةَ مَعَ الْأَبْرَارِ يَا عَزِيزُ يَا غَفَّارُ يَا رَبَّ الْعٰلَمِيْنَ

(مەزكۇر ماقالىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى تەمىنلىگەن)

www.uyghurkitap.com

# روزا ھېيتنى ئىنتىپاق، خۇشال ئۆتكۈزەيلى!

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەھلى جامائەت !

ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا مۇبارەك «قۇرئان كەرىم» دە ئېيتىدۇركى:

﴿شَهْرُ رَمَضَانَ الَّذِيَ أُنزِلَ فِيهِ الْقُرْآنُ هُدًى لِّلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِّنَ الْهُدَى وَالْفُرْقَانِ فَمَن شَهِدَ مِنكُمُ الشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿(روزا تۇتۇش پەرز قىلىنغان ساناقلىق كۈنلەر) ئىنسانلارغا يېتەكچى، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىغان رامىزان ئېيىدۇر. سىلەردىن كىمىكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 185 ـ ئايەت)**

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِىَ اللّٰهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيِّ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ قَالَ لَمَّا حَضَرَ رَمَضَانُ: قَدْ جَاءَكُمْ شَهْرٌ مُبَارَكٌ، افْتَرَضَ عَلَيْكُمْ صِيَامٌ، تُفَتَّحُ فِيهِ أَبْوَابُ الْجَنَّةَ وَتُغَلَّقُ فِيهِ أَبْوَابَ الْجَحِيمِ وَتُغَلُّ فِيهِ الشَّيَاطِينُ، فِيهِ لَيْلَةٌ خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ شَهْرٍ، مَنْ حُرِمَ خَيْرَهَا فَقَدْ حُرِمَ ] (رَوَاهُ أَحْمَدُ وَالنِّسَائِيُّ وَالْبَيْهَقِيُّ )

**"ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە مۇبارەك رامىزان ئېيى ھازىر بولدى، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش سىلەرگە پەرز قىلىندى، رامىزان ئېيى كىرگەندە جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى تاقىلىدۇ، شەيتانلارغا تاقاق سېلىنىدۇ. بۇ ئايدا شەبى قەدرى بار بولۇپ، ئۇ شەرەپ ۋە پەزىلەتتە مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر، كىمكى بۇ ئاينىڭ ئەڭ شەرەپلىك ۋە پەزىلەتلىك كۈننى مەھرۇم قىلىدىكەن، ئۆز نېسىۋىسىنى يوقاتقان بولىدۇ." (ئىمام ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى رىۋايەت قىلغان)**

روزا تۇتۇشــــنى ئاللاھ تائالا ئەمر قىلغان، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئىنئام قىلغان نېمىتىدۇر. مۇبارەك رامىزان ئېيى قەدىرلىك ئاي، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ شــەرەپلىك ئېيىدۇر، خۇددى يۇقىرىدىكى «ھەدىس شــەرىف» تە بايان

قىلىنغاندەك، بىز مۇسۇلمانلار بۇ مۇبارەك رامىزان ئېيىدا، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلىپ، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى كۆپرەك بەجا كەلتۈرۈپ، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا مۇشەررەپ بولۇشىمىز، ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەت ئىزدىشىمىز لازىم؛ شۇنداقلا، ئاللاھ تائالاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىش، ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سەمىمىي، ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرىمىز ئۈستىدە كۆپرەك تەۋبە قىلىشىمىز؛ روزا تۇتۇش ئارقىلىق، ئۆزىمىزنى سەۋرچانلىق خىسلىتى بىلەن تاۋلاپ، نەپسى خاھىشىمىزنى تىزگىنلەپ، لەنىتى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. ئەلھەمدۇ لىللاھ، رامىزان روزىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاندى، بۇ مۇبارەك ئايدا، بىز ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانىغا ئەمەل قىلىپ، روزا پەرزىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئادا قىلدۇق، ئاللاھ تائالا بىزنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىمىزنى قوبۇل قىلىپ، ھەسسىلەپ نېمەت ـ مەرھەمەت ئاتا قىلغاي، بىزنىڭ بارلىق گۇناھ مەئسىيەتلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغاي.

**1. رامىزان روزىسىنىڭ ئەھمىيىتى**

**[ عَن ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُمَا قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى الله عَلَيهِ وَ سَلَّمَ: بُنِيَ الْإِسْلَامُ عَلَى خَمْسٍ: شَهَادَةِ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللّٰهُ وَ أَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللّٰهِ وَ إِقَامِ الصَّلَاةِ وَ إِيْتَاءِ الزَّكَاةِ وَ الْحَجِّ وَ صَوْمِ رَمَضَانَ] (رواه البخارى و مسلم).**

**"ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسلام دىنى بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئۇ بولسىمۇ بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى دەپ شاھادەت ئېيتىشتىن، پەرز نامازلارنى ئادا قىلىشتىن، زاكات بېرىشتىن، ھەج قىلىشتىن ۋە رامىزان روزىسىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت." (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

مۇسۇلمان قېرىنداشلار، رامىزان روزىسى ئىسلام دىنىمىزدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر رامىزان روزىسىنى تۇتۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلىدۇ،

ئەمما روزا تۇتۇشنىڭ ھېكمىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېگەن دەيدۇ:

[ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِىَ اللّٰهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّم يَقُولُ: قَالَ اللّٰهُ تَعَالَى: كُلُّ عَمَلِ ابْنِ آدَمَ لَهُ إِلاَّ الصِّيَامَ فَإِنَّهُ لِى وَ أَنَا أَجْزِى بِهِ] (رَوَاهُ صِحَاحُ الْخَمْسَةِ).

**"ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسىنىڭ ھەرقانداق ئەمەلدىن بىرەر نېسىۋىسى بولىدۇ، پەقەت روزا ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى ئۇ، ماڭا رىيادىن خالىي بولغان ھالدا خالىس قىلىنغان ئەمەلدۇر، ئۇنىڭغا ئۆزەم مۇكاپات بېرىمەن" («سىھاھى خەمسە» دە رىۋايەت قىلىنغان)**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِىَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ: كُلُّ عَمَلَ ابْنِ آدَمَ يُضَاعَفُ الْحَسَنَةُ بِعَشْرِ أَمْثَالِهَا إِلَى سَبْعَمِائَةِ ضِعْفٍ. قَالَ اللّٰهُ عَزَّ وَ جَلَّ: إِلاَّ الصَّوْمِ فَإِنَّهُ لِى وَ أَنَا أَجْزِى بِهِ، يَدَعُ شَهْوَتَهُ وَ طَعَامَهُ مِنْ أَجْلِى، لِلصَّائِمِ فَرْحَتَانِ فَرْحَةٌ عِنْدَ فِطْرِهِ وَ فَرْحَةٌ عِنْدَ لِقَاءِ رَبِّهِ] (رَوَاهُ الْمُسْلِمُ).

**"ئادەم بالىسىنىڭ ھەر قانداق ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ، ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: پەقەت روزا ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى ئۇ، ماڭا رىيادىن خالىي بولغان ھالدا خالىس قىلىنغان ئەمەلدۇر، ئۇنىڭغا ئۆزەم مۇكاپات بېرىمەن، بەندەم مەن ئۈچۈن شەھۋىتىنى ۋە يېمەك ـ ئىچمىكىنى تەرك ئېتىدۇ، روزىدار ئادەمگە ئىككى تۈرلۈك خۇشاللىق بولىدۇ، بىرى ئىپتار قىلغاندا، يەنە بىرى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولغان چاغدا روزا تۇتقانلىق سەۋەبى بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىغان نازۇ ـ نېمەتلەردىن خۇشال بولىدۇ. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، روزىنىڭ باشقا پەرزلەرگە ئوخشىمايدىغان بىر ئالاھىدىلىكى بار، رامىزان روزىسى رىيادىن خالىي بولغان ھالدا پەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپتۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن:

[ عَن ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِىَ اللّٰهُ عَنْهُمَا قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّٰهِ، إِنَّ أُمِّى مَاتَتْ، وَ عَلَيْهَا صَوْمُ شَهْرٍ، أَفَأَقْضِيهِ عَنْهَا؟ قِالَ: نَعَمْ، فَدَيْنُ اللّٰهِ أَحَقُّ أَنْ يُقْضَى.] (رَوَاهُ الْبُخَارِىُّ) .

**بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ”ئى رەسۇلۇللاھ ! مېنىڭ ئانام ئۆلۈپ كەتتى ، ئۇنىڭ گەدىنىدە بىر ئايلىق قازا روزىسى بار ئىدى ، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن تۇتۇپ قويسام بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەئە ، بولىدۇ. ئاللاھقا تۆلىنىدىغان قەرز ئادا قىلىنىشقا ھەممىدىن بەك تېگىشلىكتۇر“ دەپ جاۋاپ بەرگەن (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)**

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رامىزان روزىسى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن تۇتۇلىدۇ، تۆلىنىدىغان روزا قەرزىمۇ ئاللاھقا تۆلىنىدىغان قەرز روزىدۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە رامىزان روزىسىنىڭ ناھايىتى ئۇلۇغلۇقى ۋە ئۇنى تۇتقاندا مول مۇكاپاتقا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە روزىنى ”قالقان“ دەپ ئاتايدۇ، بۇ كىشىلەرنى ئارزۇ- ھەۋەسلەرنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلاپ، گۇناھ مەئسىيەتتىن يىراق تۇتىدۇ، دوزاخ ئازابىدىن خالاس قىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

[عَنْ أَبِى أُمَامَةَ رَضِىَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ : قُلْتُ يَا رَسُولَ اللّٰهِ مُرْنِى بِأَمْرٍ يَنْفَعُنِى اللّٰهُ بِهِ، قَالَ: عَلَيْكَ بِالصِّيَامِ فَإِنَّهُ لَا مِثْلِ لَهُ ] (رَوَاهُ النَّسَائِىُّ وَالْحَاكِمُ) .

**ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ: ”ئى رەسۇلۇللاھ ، مېنى ئاللاھ مەنپەئەتلەندۈرىدىغان بىر ئىشقا بۇيرۇغىن“دېگەنىدىم ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سەن كۆپ روزا تۇتقىن ، چۈنكى ئۇنىڭ (تەن دۇرۇسلۇقى ، نەپسىنى تىزگىنلەشتە ، دىلنىڭ روشەن بولىشىدا ، ساۋابىنىڭ چوڭلۇقىدا ۋە ئاللاھقا يېقىنلىق ھاسىل قىلىشتا تەڭدىشى يوقتۇر ، دېدى“ دەيدۇ (نەسەئى ، ھاكىم رىۋايەت قىلغان)**

[ عَنْ أَبِى سَعِيدٍ الْخُدْرِىِّ رَضِىَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ: مَا مِنْ عَبْدٍ يَصُومُ يَوْمًا فِى سَبِيلِ اللّٰهِ إِلَّا بَاعَدَ اللّٰهُ بِذَلِكَ الْيَوْمَ وَجْهَهُ عَنِ النَّارِ سَبْعِيْنَ خَرِيفًا] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ).

”ئەبۇ سەئىد خۇدري رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندە ئاللاھ يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، ئاللاھ شۇ بەندىنىڭ يۈزىنى شۇ كۈنلۈك روزىسى سەۋەبى بىلەن دوزاخنىڭ ئوتىدىن يەتمىش يىل يىراق تۇتىدۇ.“

[عَن أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ: مَنْ قَامَ لَيْلَةَ الْقَدْرِ إِيْمَانًا وَ إِحْتِسَابًا غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِهِ] (رَوَاهُ صِحَاحُ الْخَمْسَةِ).

”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى رامىزان روزىسىنى چىن دىلىدىن ئىشىنىش ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ۋە ساۋابىنى تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن تۇتسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.“ («سىھاھى خەمسە» دە رىۋايەت قىلىنغان)

مەشھۇر ئىسلام ئالىمى، ھۆججەتۇل ئىسلام ئىمام غەززالى: روزا ئاللاھنىڭ دۈشمىنى بولغان لەنىتى شەيتاننى تىزگىنلەيدۇ، چۈنكى لەنىتى شەيتان بارلىق ھاۋايى ـ ھەۋەسلەردىن پايدىلىنىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئازدۇرۇش تەدبىرى قىلىۋالىدۇ. ھاۋايى ھەۋەسلەر بولسا، يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن كۈچ قۇۋۋەت تاپىدۇ. ئىمام غەززالىنىڭ تەشەببۇسلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، روزىدا چوڭ جىھاد قىلىپ، ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ شەيتىنى بىلەن كۆرەش قىلىش لازىم. چۈنكى ئادەم روزا ۋاقتىدا لەنىتى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا ئەڭ ئاسان ئۇچرايدۇ، بۇنداق ۋاقىتتا، ئادەمنىڭ ئۆز ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنى تىزگىنلىشى ـ تىزگىنلىيەلمەسلىكى تامامەن ئۆزىگە باغلىق بولىدۇ، بۇنى كامالى ئىلىمگە ئىگە ئاللاھدىن باشقا، ھېچكىم بىلەلمەيدۇ، بىز ئاللاھ تائالانىڭ قارارگاھىغا قايتىش روھى بىلەن لەنىتى شەيتانغا تاقابىل تۇرۇشىمىز، ئاللاھ تائالانىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن لەنىتى شەيتاننى مەغلۇپ قىلىشىمىز لازىم. مۇسۇلمان قېرىنداشلار شۇنى ئېسىدە ساقلىشى كېرەككى، روزا پەقەت رىيادىن خالىي ھالدا ئاللاھ ئۈچۈنلا تۇتۇلىدۇ، ئۇ ئاللاھ يولىدا شەيتانغا قارشى قىلىنغان كۆرەشتۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە ئېيتىدۇكى: ﴿إِن يَنصُرْكُمُ اللَّهُ فَلاَ غَالِبَ لَكُمْ﴾

﴿ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بەرسە، سىلەرنى ھېچ كىشى يېڭەلمەيدۇ﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 160 ـ ئايەت)

## 2. روزا ھېيتنى ئىتتىپاق، خۇشال ئۆتكۈزەيلى

پۈتۈن رامزان ئېيى مەزگىلىدە، بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئەمەل قىلىپ روزا تۇتتۇق، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا مۇشەررەپ بولۇش ئۈچۈن سەدىقە بەردۇق. نۇرغۇنلىغان باي مۇسۇلمانلىرىمىز رامزان ئېيىدا ئۆزلىرىنىڭ زاكىتىنى ئاجرىتىش ئارقىلىق يېتىم-يېسىر، ئاجىز-موھتاجلارغا يار-يۆلەكتە بولدى. بۇ ئۇلۇغ مۇبارەك رامزان ئېيىدا، بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالاغا كۆپلەپ ھەمدۇسانا ئېيتتۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگە كۆپلەپ دۇرۇت-سالام يوللىدۇق، «قۇرئان كەرىم» نى تىلاۋەت قىلدۇق، ھەر كۈنى كەچتە مەسچىتتە تەراۋىھ نامىزى ئوقۇدۇق، نۇرغۇن ياخشى ئەمەللەر بىلەن مەشغۇل بولدۇق، نۇرغۇن ياخشى سۆزلەرنى قىلدۇق. بۇ مۇبارەك ئايدا ھەر بىر مۇسۇلمان ئاللاھ تائالانىڭ نېمەت-مەرھەمىتىنى، ئىسلام دىنىنىڭ ھاياتى كۈچىنى ھەقىقىي تۈردە ھېس قىلدى.

بۈگۈن روزا ھېيت كۈنى يېتىپ كەلدى. بىز مۇسۇلمانلار بۇ مۇبارەك ھېيت كۈنىدە بىر نەچچە مۇستەھەپ ئەمەللەرنى ئورۇندايمىز، يەنى بامدات نامىزىدىن كېيىن ئېغىز ئېچىلغانلىقىغا دالالەت قىلىپ ۋاقتىدا يەنى بامدات نامىزىدىن كېيىن ئېغىز ئېچىلغانلىقىغا دالالەت قىلىپ ۋاقتىدا ئازراق بىر نەرسە يېيىلىپ، ئاللاھقا شۈكرانە نېمەت بىلدۈرىمىز، غۇسلى-تاھارەت قىلىمىز، چىشىمىزنى چوتكىلايمىز، پاكىز كىيىملەرنى كىيىمىز، تازىلىق قىلىمىز، مەسچىتكە قاراپ ماڭغاندا تۆۋەن ئاۋاز بىلەن ھەمدۇسانا ئوقۇيمىز، شۇنداقلا، ئىككى ۋاجىب ئەمەلنى بەجا كەلتۈرىمىز: ئۇنىڭ بىرى، سەدىقە فىتىر بېرىش؛ يەنە بىرى، روزا ھېيت نامىزىنى ئوقۇشتىن ئىبارەت.

بىرىنچى، ھەربىر مۇسۇلمان چوقۇم سەدىقە فىتىر (صدقة الفطر) نى بېرىشى كېرەك. بۇنىڭدىكى مەقسەت، ئۆزىنىڭ رامزان ئېيىدا سادىر قىلغان سەۋەن-خاتالىقلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ، رامزان روزىسىنى كامالىغا يەتكۈزۈشتىن، شۇنداقلا، ھەربىر مۇسۇلماننى روزا ھېيتنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈپ، ھېيت خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. روزا ھېيتتىكى سەدىقە فىتىر—روزا ھېيت كۈنى سۈبھى تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ، ھېيت نامىزى

ئوقۇلۇپ بولۇش ئالدىدا بىرلىسە ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ مىقدارى يېرىم سائ، يەنى ئىككى جىڭ ئەتراپىدا بۇغداي، ئۇن، تالقان، قۇرۇق ئۈزۈم ياكى بىر سائ خورما، ئارپا بولسا بولىدۇ. بۇلارنىڭ شۇ جايدىكى باھاسى بويىچە پۇل بەرسىمۇ بولىدۇ. سەدىقە فىترنى كەمبەغەللەرگە بەرسىمۇ ياكى مەسچىتكە بەرسىمۇ ئوخشاش بولىۋېرىدۇ.

ئىككىنچى، بالاغەتكە يەتكەن ئەر مۇسۇلمان روزا ھېيت نامىزىغا داخىل بولۇشى لازىم. مەيلى سەدىقە فىتىر بولسۇن، ياكى ھېيت نامىزى بولسۇن، ھەر ئىككىلىسىلا ناھايىتى سالماقلىق بىلەن ئورۇندىلىدىغان دىنىي ئەمەللەردۇر، شۇنداقلا ئۇ يەنە، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ئۆزئارا ھېيتلىشىپ، دوستلۇقنى يۈكسەلدۈرىمىز، ئادەتتە زىدىيەتتە بولغانلارمۇ، بۇ مۇبارەك كۈندە ئۆزئارا سالاملىشىپ، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يارىشىپ، ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، بىر- بىرىگە ياردەم بېرىش، بىر- بىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈشتىن ئىبارەت ھەقىقىي روھنى نامايان قىلىدۇ. بىز ھەربىر مۇسۇلمان قېرىنداشلار بۇ مۇبارەك ھېيت كۈننى خۇشال- خۇرام ئۆتكۈزەيلى! ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەمدە بولۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلايلى. بۇ مۇبارەك ھېيت كۈندە «قۇرئان كەرىم» نى تىلاۋەت قىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇد سالام يوللاپ، ئاللاھدىن تىنچ- ئامانلىق ۋە بەخت- سائادەت تىلىسەك بولىدۇ، قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىپ، «قۇرئان كەرىم» نى تىلاۋەت قىلىپ، مەرھۇملارنى خاتىرلىسەك بولىدۇ. ئەمما بۇ مۇبارەك ھېيت كۈندە روزا تۇتمايلى. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ مۇنداق دېگەن: ”رەسۇلۇللاھ بۇ ئىككى كۈندە روزا تۇتۇشنى چەكلىگەن، يەنى سىلەر رامىزان روزىسىنى ئادا قىلىپ ئېغىز ئاچىدىغان كۈنى (روزا ھېيت كۈنى) بىلەن سىلەر قۇربانلىق يەيدىغان كۈنى (قۇربان ھېيت كۈنى) روزا تۇتۇشنى چەكلىگەن“ (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). بۇ مۇبارەك كۈندە، بىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، يەنە، مۇسۇلمان ئەمەس دوستلار بىلەن بولغان دوستلۇقنىمۇ نامايان قىلىشىمىز لازىم، بىزنىڭ مۇسۇلمان

ئەمەس قولۇم ـ قوشنىلىرىمىز، دوستلىرىمىز، سەبداشلىرىمىزمۇ بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيت كۈنىدىكى ئىتتىپاقلىق، خۇشاللىق كەيپىياتىدىن بىللە بەھرى ئالسۇن، بەخت تىلىكىمىزنى ئۇلارغىمۇ يەتكۈزەيلى.

«روزا ھېيت» نامىزىنىڭ ئوقۇلۇش ئۇسۇلى: ھېيت نامىزىنى جامائەت بولۇپ، ئىمام بىلەن ئوقۇش لازىم، ئۇنى يالغۇز ئوقۇشقا بولمايدۇ. ئالدى بىلەن ھېيتنىڭ ئىككى رەكئەت ۋاجىب نامىزى ئوقۇلۇشى كېرەك، بۇ ئىككى رەكئەت نامازدا ئىككى قول جەمئىي يەتتە قېتىم قۇلاق باراۋىرىدە كۆتۈرۈلىدۇ، ھەر قېتىم قول كۆتۈرگەندە ''ئاللاھۇ ئەكبەر'' دەپ تەكبىر ئوقۇلىدۇ. كونكېرىت ئۇسۇلى مۇنداق: ئالدى بىلەن ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ، روزا ھېيت نامىزى ئوقۇشقا نىيەت قىلىنىدۇ، ئاندىن بىر تەكبىر بىلەن نامازغا شۇرۇ قىلىپ، سانا ئوقۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن، ئىككى قولىنى ئۈچ قېتىم قۇلاق باراۋىرىدە كۆتۈرۈپ، ئۈچ قېتىم تەكرار''ئاللاھۇ ئەكبەر'' دەپ تەكبىر ئوقۇلىدۇ، ئاندىن ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قىلىپ كىندىك ئاستىغا قويۇپ ئىمام قىرائەت قىلغان سۈرە ـ ئايەتلەرنى تىڭشايدۇ، رۇكۇ قىلىنىدۇ، سەجدىگە باش قويۇلىدۇ. ئىككىنچى رەكئەتتە قىرائەتتىن كېيىن ئىككى قولىنى يەنە ئۈچ قېتىم قۇلاق باراۋىرىدە كۆتۈرۈپ ئۈچ قېتىم ''ئاللاھۇ ئەكبەر'' دەپ تەكبىر ئوقۇلىدۇ، تۆتىنچى تەكبىر بىلەن رۇكۇ قىلىنىدۇ، سەجدىگە باش قويۇلىدۇ، تەشەھھۇد يەنى ''ئەتتەھىيياتۇ'' نى ئوقۇپ بولغۇچە ئولتۇرۇپ ئاندىن سالام بېرىپ ناماز تاماملىنىدۇ. نامازدىن كېيىن ئىمامنىڭ ''خۇتبە'' سىنى ئاڭلاپ ( بۇ سۈننەت مۇئەككەدە گە تەۋەدۇر)، ئۇنىڭدىن كېيىن دۇئا قىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھېيت نامىزى پائالىيىتى ئاخىرلىشىپ، جامائەت ئۆزئارا ھېيتلىق سالام بېرىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ ھېيتىنى مۇبارەكلىشىدۇ.

ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالادىن بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بەخت ـ سائادىتى ۋە تېنچ ـ ئامانلىقنى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بەخت ـ سائادىتى ۋە تېنچ ـ ئامانلىقنى، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە خاتىرجەملىكىنى تىلەپ دۇئا قىلايلى. ئامىن!

(مەزكۇر ماقالىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى تەمىنلىگەن)

# رامىزان ئېيىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر

## روزىنىڭ ئەھكاملىرى

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُم لَعَلَّكُم تَتَّقُونَ * أَيَّامًا مَعْدُودَاتٍ فَمَنْ كَانَ مِنْكُم مَرِيضاً أَوْ عَلَى سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِن أَيَّامٍ أُخَرَ وعَلَى الَّذِينَ يُطِيقُونَهُ فِدْيَةٌ طَعَامُ مِسكِينٍ فَمَنْ تَطَوَّعَ خَيراً فَهُوَ خَيرٌ لَهُ وَأَنْ تَصُومُوا خَيرٌ لَكُم إِنْ كُنْتُم تَعلَمُونَ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ ئى مۆمىنلەر! گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ روزا پەرز قىلىندى، بۇ پەرز روزا ساناقلىق كۈنلەردىدۇر. سىلەردىن كىمكى كېسەل بولۇپ ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ، روزا تۇتالمىغان بولسا، تۇتالمىغان كۈنلەرنىڭ قازاسىنى باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن) تۇتالمايدىغانلار تۇتمىسا، كۈنلۈكى ئۈچۈن بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىديە بېرىشى لازىم، كىمكى فىديەنى مىقداردىن ئارتۇق بەرسە، بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر بىلسەڭلار روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (روزا تۇتماي فىديە بېرىشتىن) ياخشىدۇر﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 183 ـ ،184 ـ ئايەتلەر)**

ئاللاھ تائالا ھىجرىيەنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 624 ـ يىلى) شەئبان ئېيىدا مۇسۇلمانلارغا رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇشنى پەرز قىلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿يَأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيكُمُ الصِّيامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُم لَعَلَّكُم تَتَّقُونَ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ ئى مۆمىنلەر! گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ روزا پەرز قىلىندى﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 183 ـ ئايەت)**

[ عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بُنِيَ الإِسْلَامُ عَلَى خَمْسٍ شَهَادَةِ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللهِ وَإِقَامِ الصَّلَاةِ وَإِيتَاءِ الزَّكَاةِ وَالْحَجِّ وَصَوْمِ رَمَضَانَ] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئىسلام دىنى بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئۇ بولسا: بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، پەرز نامازلارنى ئادا قىلىش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش ۋە رامىزان روزىسى تۇتۇشتىن ئىبارەت.“ (بۇخارىي رىۋايەت قىلغان)**

روزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى: ئۆزىنى بىر نەرسىدىن مەنئى قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، شەرئەت ئىستىمالىدىكى مەنىسى: تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ كۈن پاتقانغا قەدەر، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش نىيىتى بىلەن يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەتتىن ئۆزىنى چەكلەش دېگەنلىكتۇر.

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ھەر بىر مۇسۇلمانغا يۈكلەنگەن ئىسلام دىنىمىزدىكى بەش پەرزنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ، روزىنىڭ پەرزلىكىنى ئىنكار قىلغان كىشى دىندىن چىقىدۇ، روزىنى ئۆزرىسىز تەرك ئەتكەن كىشى ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ. شۇڭا، ھەر بىر مۇسۇلمان كىشى رامىزان روزىسىنى تۇتۇشنى ئۆزىنىڭ باش تارتسا قەتئىي بولمايدىغان دىنىي مەجبۇرىيىتى دەپ بىلىپ، ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا، شەرئەت كۆرسەتكەن شەكىلدە، كامىل ئادا قىلىشقا تىرىشىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزرىسىز ھالەتتە رامىزان روزىسىدىن ھەتتا بىر كۈننى روزا تۇتماي ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : مَنْ أَفْطَرَ يَوْمًا مِنْ رَمَضَانَ مِنْ غَيْرِ عُذْرٍ وَلَا مَرَضٍ لَمْ يَقْضِهِ صِيَامُ الدَّهْرِ وَإِنْ صَامَهُ] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامىزان ئېيىدا ئۆزرىسىز، ساق ـ سالامەت تۇرۇپ بىرەر كۈنلۈك روزىنى تەرك ئەتكەن كىشى، ئەگەر بىر ئۆمۈر روزا تۇتقان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايدۇ (ساۋابىنى تولدۇرالمايدۇ).“ (بۇخارىي رىۋايەت قىلغان)**

### رامىزاننىڭ كىرىشى

رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ھەر يىلى ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 9 ـ ئاي رامىزان ئېيى كىرىشى بىلەن باشلىنىپ بىر ئاي داۋام قىلىپ، ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 10 ـ ئاي، شەۋۋال ئېيى كىرىشى بىلەن ئاياغلىشىدۇ. رامىزان روزىسىنى تۇتۇشنى باشلاش ۋە ئاياغلاشتۇرۇشتا شەرئەت بەلگىلىمىسى بويىچە ئاي كۆرۈش ئاساس قىلىنىدۇ، شۇ سەۋەبتىن بارلىق مۇسۇلمانلار روزا تۇتۇش ۋە ئېغىز ئېچىش كۈنلىرىنى ئېنىق بەلگىلەش ئۈچۈن شەئبان ئېيىنىڭ ۋە رامىزان ئېيىنىڭ 29 ـ كۈنى كۈن پاتقاندىن كېيىن يېڭى ھىلال ئاينى كۆرۈشكە تىرىشىشى كېرەك.

بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ : قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: صُومُوا لِرُؤْيَتِهِ ، وَأَفْطِرُوا لِرُؤْيَتِهِ ، فَإِنْ غُمَّ عَلَيْكُمْ فَأَكْمِلُوا الْعِدَّةَ ثَلاثِينَ ] (رَوَاهُ الْمُسْلِمُ)

**”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: رامىزاننىڭ ئېيىنى كۆرۈپ روزا تۇتۇشنى باشلاڭلار، شەۋۋالنىڭ ئېيىنى كۆرۈپ ھېيت قىلىڭلار، ئەگەر ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ ئاينى كۆرەلمىسەڭلار، شەئبان ئېيىنى ئوتتۇز كۈن قىلىپ توشقۇزۇپ ئاندىن روزا تۇتۇڭلار.“ (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

قىسقىسى، ھاۋا ئوچۇق بولۇپ ، ئاسماندا ئاينى كۆرۈشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان، بۇلۇت، تۇمان قاتارلىق نەرسىلەر بولمىسا رامىزان ئېيىنىڭ كىرگەنلىكى ئاينى كۆرۈش ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ. مۇبادا ئاسمان بۇلۇتلۇق ياكى تۇمانلىق بولغان سەۋەبلىك ئاي كۆرۈش ئىمكانىيىتى بولمىسا شەئبان ئېيىنى ئوتتۇز كۈن قىلىپ تولۇقلاپ ئاندىن روزا تۇتۇش كېرەك.

## روزىنىڭ پەرز بولۇش شەرتلىرى

رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتۇش تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىغان كىشىلەرگە پەرز بولىدۇ :

1) روزا تۇتقۇچى مۇسۇلمان بولۇشى كېرەك؛ 2) ئەقلى ھوشى جايىدا بولۇشى كېرەك، ئەقلىدىن ئازغان ياكى بىھوش كىشىلەرگە روزا تۇتۇش پەرز ئەمەس؛3) روزا تۇتقۇچى بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى كېرەك؛ بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ عَلِيٍّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ رُفِعَ الْقَلَمُ عَنْ ثَلَاثَةٍ عَنْ النَّائِمِ حَتَّى يَسْتَيْقِظَ وَعَنْ الصَّبِيِّ حَتَّى يَحْتَلِمَ وَعَنْ الْمَجْنُونِ حَتَّى يَعْقِلَ] (رَوَاهُ أَبُو دَاوُدَ)

**”ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۈچ تۈرلۈك ئادەمنىڭ گۇناھى خاتىرىلەنمەيدۇ، يەنى: ئۇخلىغان كىشى ئويغانغۇچە، سەبىي باللار بالاغەتكە يەتكۈچە، ئەقلىدىن ئازغان كىشى ساقايغۇچە (ئۇلارنىڭ گۇناھى خاتىرلەنمەيدۇ).“ (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)**

4) تەن سالامەتلىكى نورمال بولۇشى، روزا تۇتسا تەن سالامەتلىكىگە زىيان يەتمەيدىغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر روزا تۇتماقچى بولغان كىشى كېسەل بولۇپ، روزا تۇتسا كېسىلى ئېغىرلىشىپ كېتىدىغان ياكى ساقىيىشى كېچىكىپ كېتىدىغان ۋە ياكى كېسىلىنىڭ باشقا بىر ئېغىر كېسەلگە ئۆزگىرىپ قالىدىغان ئېھتىماللىق بولسا، بۇ كىشى روزا تۇتۇشنى كېچىكتۈرۈپ، ساقايغاندىن كېيىن قازاسىنى

تولدۇرۇۋالسا بولىدۇ، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

﴿أيّاماً مَعدُوداتٍ فَمَن كانَ مِنكُم مَرِيضاً أو على سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِن أيّامٍ أُخَرَ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿بۇ پەرز روزا ساناقلىق كۈنلەردىدۇر. سىلەردىن كىمكى كېسەل بولۇپ ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ روزا تۇتالمىغان بولسا، تۇتالمىغان كۈنلەرنىڭ قازاسىنى باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 184 ـ ئايەت)**

5) ئۆز يۇرتىدا مۇقىم بولۇشى شەرت. يەنى 15 كۈنلۈك ياكى ئۇنىڭدىن ئاز مۇددەتلىك سەپەرگە چىقىپ، 89 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى باسقان مۇساپىر كىشى سەپەردە روزا تۇتماي، كېيىن يۇرتىغا قايتقاندا قازاسىنى تۇتۇپ تولدۇرۇۋالسا بولىدۇ. لېكىن، سەپەر شارائىتى ياخشى بولۇپ، ئۇ ئادەم يول ئۈستىدە ياكى بارغان جايىدا روزا تۇتۇشقا توسالغۇ بولغۇدەك بىر ئەھۋال بولمىسا، ئۇنىڭ روزا تۇتقىنى ياخشىراق.

[عَنْ أَبِي سَعِيدِ الْخُدْرِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كُنَّا نَغْزُو مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَمِنَّا الصَّائِمُ وَمِنَّا الْمُفْطِرُ، فَلا يَجِدُ الْمُفْطِرُ عَلَى الصَّائِمِ وَلاَ الصَّائِمُ عَلَى الْمُفْطِرِ، وَكَانُوا يَرَوْنَ أَنَّه مَنْ وَجَدَ قُوَّةً فَصَامَ فحَسَنٌ، ومَنْ وَجَدَ ضَعْفًا فَأَفْطَرَ فحَسَنٌ] (رَوَاهُ الْمُسْلِمُ)

**"ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە غازاتقا چىقتۇق، ئارىمىزدا روزا تۇتقانلارمۇ، تۇتمىغانلارمۇ بار ئىدى. روزا تۇتقانلار بىلەن تۇتمىغانلار بىر ـ بىرىنى ئەيىبلىمەيتتى، چۈنكى ئۇلار: كىمنىڭ روزا تۇتقۇدەك تاقىتى بولسا، ئۇنىڭ روزا تۇتقىنى ياخشى؛ كىمنىڭ روزا تۇتقۇدەك ماغدۇرى بولمىسا، ئۇنىڭ تۇتمىغىنى ياخشى، دەپ قارايتتى." (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

6) ئاياللار ھەيز ۋە نىفاستىن پاك بولۇشى شەرت. ئايال كىشىنىڭ ھەيز كۆرگەن ياكى نىفاسدار بولغان كۈنلىرىدە روزا تۇتۇشى مەنئى قىلىنىدۇ. شۇڭا، بۇنداق ئەھۋالدا ئاياللار روزىسىنى قالدۇرۇپ، ھەيزدىن ياكى نىفاستىن پاكلانغاندا روزىسىنىڭ قازاسىنى تۇتۇپ تولدۇرۇشى كېرەك. بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم توپلىغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

[ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهاَ قَالَتْ: كَانَ يُصِيبُنَا ذَلِكَ فَنُؤْمَرُ بِقَضَاءِ الصَّوْمِ، وَلَا نُؤْمَرُ بِقَضَاءِ الصَّلَاةِ ] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**"ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا، ھەيز كۆرگەن كۈنلىرىمىزدە تۇتالمىغان روزىنىڭ قازاسىنى پاك بولغاندا تۇتۇشقا بۇيرۇلاتتۇق. ئەمما نامازلىرىمىزنىڭ قازاسىنى ئوقۇشقا بۇيرۇلمايتتۇق." (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)**

ئەگەر ئايال كىشى روزىدار ھالىتىدە ھەيز كۆرۈپ قالسا، ئۇنىڭ شۇ كۈنلۈك روزىسى بۇزۇلىدۇ. لېكىن، رامىزاننىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، شۇ كۈننىڭ ئىپتار ۋاقتىغىچە بىر

نەرسە يېمەسلىكى ئەۋزەل ھېسابلىنىدۇ.

7) ئاياللار ھامىلىدار بولۇپ ئۆزىنىڭ ياكى بوۋىقىنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر يېتىشىدىن قورقسا، روزا تۇتماي، كېيىن قازاسىنى تۇتۇپ تولدۇرۇۋالسا بولىدۇ؛ بالا ئېمىتىۋاتقان ئايالمۇ روزا تۇتسا ئۆزىگە ياكى بوۋىقىغا تەسىر يېتىشتىن قورقسا روزا تۇتماي، كېيىن قازاسىنى تۇتۇۋالسا بولىدۇ.

[عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْه قَالَ : قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِنَّ اللهَ وَضَعَ عَنِ الْمُسَافِرِ شَطْرَ الصَّلَاةِ وَالصَّوْمَ عَنِ الْمُسَافِرِ وَعَنِ الْمُرْضِعِ وَالْحُبْلَى] (رَوَاهُ أَبُو دَاوُدَ)

**”ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇساپىردىن (تۆت رەكئەتلىك) پەرز نامازنىڭ يېرىمىنى يەڭگىللەتتى ۋە مۇساپىردىن، بالا ئېمىتىۋاتقان ئايالدىن، ھامىلىدار ئايالدىن (كېيىن قازاسىنى قىلىش شەرتى بىلەن) روزا تۇتۇشنى يەڭگىللەتتى.“ (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)**

لېكىن، يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن رامىزاندا روزا تۇتالمىغانلار، كېيىن چوقۇم روزا تۇتالمىغان ھەر بىر كۈنگە بىر كۈندىن قازاسىنى تۇتۇشى كېرەك.

8) روزا تۇتۇش پەرز بولغان لېكىن، قېرىپ كەتكەنلىكتىن ياكى ئېغىر بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ كېسەلى ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن روزا تۇتۇشقا زادىلا قادىر بولالمايدىغان كىشىلەر رامىزان ئېيىدا روزا تۇتمايدۇ، لېكىن، تۇتمىغان ھەر بىر كۈن روزىنىڭ بەدىلىگە بىر كەمبەغەلنى يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلەيدۇ، ياكى ئۇنىڭ قىممىتىدىكى پۇلنى بېرىدۇ، مانا فىدىيە دېيىلىدۇ.

﴿وَعَلَى الَّذِينَ يُطِيقُونَهُ فِدْيَةٌ طَعَامُ مِسْكِينٍ فَمَن تَطَوَّعَ خَيْرًا فَهُوَ خَيْرٌ لَّهُ وَأَن تَصُومُواْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن) تۇتالمايدىغانلار تۇتمىسا، كۈنلۈكى ئۈچۈن بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم. كىمكى فىدىيەنى مىقداردىن ئارتۇق بەرسە، بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر بىلسەڭلار، روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (روزا تۇتماي فىدىيە بېرىشتىن) ياخشىدۇر﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 184 ـ ئايەت)**

## روزىنىڭ پەرزلىرى

روزىنىڭ پەرزلىرى ئىككى بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە :

1. روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلىش. يەنى روزا تۇتماقچى بولغان كىشى كۆڭلىدە روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىش لازىم. ئەگەر بىر كىشى نىيەت قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، شۇ كۈنى

چۈشكىچە نىيەت قىلىنىۋالسا بولىدۇ. نىيەت قىلىشتا مەيلى ئاغزاكى نىيەت قىلسۇن ياكى كۆڭلىدە نىيەت قىلسۇن ھەممىسى ئوخشاش.

[عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قال : سَمِعْتُ رَسُولَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: إِنَّمَا الْأَعْمَالُ بِالنِّيَّاتِ، وَإِنَّمَا لِكُلِّ امْرِيءٍ مَا نَوَى ] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**"ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەقىقەتەن ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق، ھەر بىر كىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغىنى بولىدۇ." (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)**

2. سۈبھى يورۇغاندىن باشلاپ كۈن ئولتۇرغانغا قەدەر يېيىش ـ ئىچىش ۋە ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەتتىن ئۆزىنى چەكلەش. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَكُلُواْ وَاشْرَبُواْ حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَكُمُ الْخَيْطُ الأَبْيَضُ مِنَ الْخَيْطِ الأَسْوَدِ مِنَ الْفَجْرِ ثُمَّ أَتِمُّواْ الصِّيَامَ إِلَى اللَّيْلِ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغان (يەنى تاڭ يورۇغان) غا قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگۈچە روزا تۇتۇڭلار﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 187 ـ ئايەت)**

رامىزان ئېيىدا ھەر ئاخشىمى يىگىرمە رەكئەت تەراۋىھ نامىزى ئوقۇش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن ئىشلاردىن بولۇپ، تەراۋىھ نامىزى بىلەن بىرگە قۇرئاننى تامام قىلىشنىڭ پەزىلىتىمۇ ئىنتايىن كۆپ. شۇڭا، مۇسۇلمانلار بۇ ئايدا قۇرئاننى ئىنتايىن كۆپ ئوقۇشى، بولسا بىر قانچە قېتىم قۇرئاننى تامام قىلىشى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، رامىزان ئېيى بەندىلەر ئاللاھ تائالاغا كۆپلەپ دۇئا ـ تىلەكتە بولۇشقا تېگىشلىك ئاي، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە ئالاھىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن:

﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ فَلْيَسْتَجِيبُواْ لِي وَلْيُؤْمِنُواْ بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد!) مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتىپ قوي) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىندۇرمەن، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ئىماندا چىڭ تۇرسۇن﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 186 ـ ئايەت)**

بۇ ئايەتكە قارايدىغان بولساق، ئاللاھ تائالا رامىزان روزىسىنىڭ پەرزلىكى ۋە روزىغا دائىر ھۆكۈملەر ھەققىدە توختالغاندىن كېيىنلا، ئۆزىنىڭ دۇئالارنى ئاڭلىغۇچى ۋە ئىجابەت قىلغۇچى زات ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان. مانا بۇ بىزگە رامىزان ئېيىنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدىن دۇئا ـ تىلەكلىرىمىزنى كۆپلەپ تىلىۋالىدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## روزا تۇتۇشتىكى مۇستەھەپ ئەمەللەر

مۇستەھەپ دېگىنىمىز: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئورۇنلىغان ئەمەللەر بولۇپ، مۇستەھەپ ئەمەللەرنى ئورۇنلىغان كىشى ئەجىر ـ ساۋابقا سازاۋەر بولىدۇ. روزا تۇتقان كىشى ئۈچۈن مۇستەھەپ بولىدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە:

1) ئازراق بولسىمۇ سوھۇرلۇق يېيىش.

[عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تَسَحَّرُوا فَإِنَّ فِي السَّحُورِ بَرَكَةً] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**"ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سوھۇرلۇق يەڭلار، چۈنكى سوھۇرلۇقتا بەرىكەت بار." (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)**

2) سوھۇرلۇقنى كېچىكتۈرۈپ ئاخىرقى ۋاقتىدا يېيىش، ئىپتارغا ئالدىراش. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :

[عَنْ أَبِي ذَرٍّ الْغِفَارِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: لَا تَزَالُ أُمَّتِي بِخَيْرٍ مَا عَجَّلُوا الْإِفْطَارَ وَأَخَّرُوا السُّحُورَ] (رَوَاهُ أَحْمَدُ)

**"ئەبۇ زەررىل غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىم ئىپتارنى بالدۇر قىلىدىكەن، سوھۇرلۇقنى كېچىكتۈرۈپ يەيدىكەن ئۇلار ھەمىشە ياخشىلىق ئۈستىدە بولىدۇ" (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)**

سوھۇرلۇقنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ قَالَ تَسَحَّرْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ثُمَّ قُمْنَا إِلَى الصَّلَاةِ قُلْتُ كَمْ كَانَ بَيْنَهُمَا قَالَ قَدْرُ مَا يَقْرَأُ الرَّجُلُ خَمْسِينَ آيَةً] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**"زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن : بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە سوھۇرلۇق يېدۇق، ئاندىن نامازغا تۇردۇق، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: سوھۇرلۇق بىلەن ئەزاننىڭ ئارىلىقىدا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتىدۇ؟ ـ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قۇرئان كەرىمدىن ئەللىك ئايەت ئوقۇپ بولغىچىلىك ۋاقىت ئۆتىدۇ ـ دەپ جاۋاب بەردى." (بۇخارىي رىۋايەت قىلغان)**

يەنى مۇنداقچە ئېيتساق، بامدات نامىزىغا ئەزان چىققان ۋاقىت دەل سوھۇرلۇق يېيىشنى توختىتىش ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ.

3) بىھۇدە سۆز، يالغانچىلىق، جېدەل ـ ماجىرا قىلىشتىن يىراق تۇرۇش.

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: إِذَا كَانَ أَحَدُكُمْ صَائِمًا فَلَا يَرْفُثْ وَلَا يَجْهَلْ، فَإِنْ امْرُؤٌ قَاتَلَهُ أَوْ شَاتَمَهُ فَلْيَقُلْ: إِنِّي صَائِمٌ] (رَوَاهُ مَالِكٌ فِي مُوَطَّا)

**"ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەردىن كىمكى روزىدار بولسا، يامان ئىشلارنى قىلمىسۇن، نادانلىق قىلمىسۇن، ئەگەر بىرەرسى ئۇنىڭ بىلەن جېدەللەشسە، ياكى ئۇنى تىللىسا، مەن روزىدار دېسۇن" (ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان)**

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: لَيْسَ الصِّيَامُ مِنْ الْأَكْلِ وَالشُّرْبِ فَقَطْ، الصِّيَامُ مِنْ اللَّغْوِ وَالرَّفَثِ] (رَوَاهُ الحَاكِمُ)

**"ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: پەقەت يەپ ـ ئىچىشتىن ئۆزىنى تارتىشلا روزا بولمايدۇ، روزا دېگەن يەنە بىھۇدە، گۇناھ بولىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەردىنمۇ ئۆزىنى تارتىشتۇر." (ھاكىم رىۋايەت قىلغان)**

4) ئىپتارنى خورما بىلەن قىلىش. ئىپتار قىلغاندا ئىغىزنى خورما بىلەن ئېچىش، ئەگەر خورما بولمىسا سۇ بىلەن ئېچىش ياخشىدۇر.

[عَنْ سَلْمَانَ بْنِ عَامِرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِذَا أَفْطَرَ أَحَدُكُمْ فَلْيُفْطِرْ عَلَى تَمْرٍ فَإِنْ لَمْ يَجِدْ فَلْيُفْطِرْ عَلَى مَاءٍ فَإِنَّهُ طَهُورٌ] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**"سەلمان ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىراۋ ئىپتار قىلسا ئېغىزىنى خورما بىلەن ئاچسۇن، ئەگەر خورما بولمىسا سۇ بىلەن ئاچسۇن، چۈنكى سۇ پاكتۇر." (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)**

5) ئىپتار قىلىدىغان چاغدا دۇئا قىلىش.

[عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنَ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ لِلصَّائِمِ عِنْدَ فِطْرِهِ لَدَعْوَةً مَا تُرَدُّ] (رَوَاهُ ابْنُ مَاجَّةَ)

**"ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شۈبھىسىزكى روزىدار كىشىنىڭ ئىپتار ۋاقتىدا قىلغان دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ" (ئىبنى ماجە)**

[عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا أَفْطَرَ قَال: ذَهَبَ الظَّمَأُ وَابْتَلَّتِ الْعُرُوقُ وَثَبَتَ الأَجْرُ إِنْ شَاءَ اللهُ] (رَوَاهُ أَبُو دَاوُدَ)

**"ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم**

**ئىپتار قىلغان چاغدا: ئۇسسۇزلۇق كەتتى، تومۇرلار نەملەندى، ئاللاھ خالىسا، ئەجىر مۇقىملاشتى، دەيتتى.“ (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)**

6) رامىزان ئېيىدا سېخىي بولۇپ سەدىقە-ئېھساننى كۆپ قىلىش، «قۇرئان كەرىم» نى كۆپ ئوقۇش، كېچىدە قىيامدا تۇرۇش، زىكىر-تەسبىھ ئېيتىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆپ دۇرۇت يوللاش لازىم. بۇ جەھەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئەڭ ياخشى ئۈلگە ھېسابلىنىدۇ.

[عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَبَّاسٍ كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَجْوَدَ النَّاسِ بِالْخَيْرِ وَأَجْوَدُ مَا يَكُونُ فِي شَهْرِ رَمَضَانَ لِأَنَّ جِبْرِيلَ كَانَ يَلْقَاهُ فِي كُلِّ لَيْلَةٍ فِي شَهْرِ رَمَضَانَ حَتَّى يَنْسَلِخَ يَعْرِضُ عَلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْقُرْآنَ فَإِذَا لَقِيَهُ جِبْرِيلُ كَانَ أَجْوَدَ بِالْخَيْرِ مِنْ الرِّيحِ الْمُرْسَلَةِ] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەك سېخى ئىدى. بولۇپمۇ رامىزان ئېيىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقان چاغلىرىدا تېخىمۇ سېخىيلىشىپ كېتەتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رامىزاندا ھەر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭغا قۇرئان كەرىمنى تەلىم بېرەتتى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقان چاغلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيرلىك ئىشلاردا يامغۇرلۇق بۇلۇتنى ئېلىپ كەلگەن شامالدىنمۇ بەك سېخىي ئىدى.“ (بۇخارىي رىۋايەت قىلغان)**

[عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: الصِّيَامُ وَالْقُرْآنُ يَشْفَعَانِ لِلْعَبْدِ، يَقُولُ الصِّيَامُ: رَبِّ إِنِّي مَنَعْتُهُ الطَّعَامَ وَالشَّهَوَاتِ بِالنَّهَارِ فَشَفِّعْنِي فِيهِ، وَيَقُولُ الْقُرْآنُ: مَنَعْتُهُ النَّوْمَ بِاللَّيْلِ فَيُشَفَّعَانِ] (رَوَاهُ الْحَاكِمُ)

**”ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزا ۋە قۇرئان قىيامەت كۈنى بەندىگە شاپائەت قىلىدۇ، روزا: ئى رەببىم، مەن ئۇنى كۈندۈزى يېمەك-ئىچمەكتىن ۋە شەھۋەتتىن توستۇم، مېنى ئۇنىڭغا شاپائەت قىلدۇرغىن، دەيدۇ. قۇرئان: مەن ئۇنى كېچىسى ئۇخلاشتىن توستۇم، مېنى ئۇنىڭغا شاپائەت قىلدۇرغىن، دەيدۇ. ئاللاھ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسىگە شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىدۇ“ (ھاكىم رىۋايەت قىلغان)**

7) رامىزان ئېيىدىكى ئىبادەتتە ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، بولۇپمۇ تەراۋىھ نامىزى ئوقۇش ۋە رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە «قەدىر» كېچىسىنى ئىزدەش يۈزىسىدىن ئىبادەتكە قاتتىق بېرىلىش.

[عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا دَخَلَ الْعَشْرُ، أَحْيَا اللَّيْلَ وَأَيْقَظَ أَهْلَهُ، وَجَدَّ وَشَدَّ الْمِئْزَرَ] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى كىرسە كېچىلەرنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى، ئائىلىسىدىكىلەرنى ئويغىتاتتى، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بېلىنى چىڭ باغلايتتى.“ (بۇخاري رىۋايەت قىلغان)**

## روزىنى بۇزىدىغان ئىشلار

روزىنى بۇزىدىغان ئىشلار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1) روزا تۇتقان كىشىنىڭ قەستەن يەپ ـ ئىچىشى ۋە ياكى ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەتتە بولۇشى، بۇ خىل ئەھۋالدا بۇ كىشى شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بويىچە روزىسىنى بۇزغان ھەر بىر كۈننىڭ قازاسىنى تۇتۇش بىلەن بىرگە، كاپپارەت ئۈچۈن بىر قۇلنى ئازاد قىلىشى، ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە تولۇق ئىككى ئاي ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتۇشى كېرەك. بۇ ھەقتە كەلگەن بىر ھەدىستە بايان قىلىنىشىچە بىر ساھابە روزىدار تۇرۇپ ئايالى بىلەن بىرگە بولۇپ قالىدۇ، كېيىندىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە سورىغاندا پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

[هَلْ تَجِدُ رَقَبَةً تُعْتِقُهَا قَالَ لَا قَالَ فَهَلْ تَسْتَطِيعُ أَنْ تَصُومَ شَهْرَيْنِ مُتَتَابِعَيْنِ قَالَ لَا فَقَالَ فَهَلْ تَجِدُ إِطْعَامَ سِتِّينَ مِسْكِينًا قَالَ لَا قَالَ فَمَكَثَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَبَيْنَا نَحْنُ عَلَى ذَلِكَ أُتِيَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِعَرَقٍ فِيهَا تَمْرٌ وَالْعَرَقُ الْمِكْتَلُ قَالَ أَيْنَ السَّائِلُ فَقَالَ أَنَا قَالَ خُذْهَا فَتَصَدَّقْ بِهِ فَقَالَ الرَّجُلُ أَعَلَى أَفْقَرَ مِنِّي يَا رَسُولَ اللهِ فَوَاللهِ مَا بَيْنَ لَابَتَيْهَا يُرِيدُ الْحَرَّتَيْنِ أَهْلُ بَيْتٍ أَفْقَرُ مِنْ أَهْلِ بَيْتِي فَضَحِكَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَتَّى بَدَتْ أَنْيَابُهُ ثُمَّ قَالَ أَطْعِمْهُ أَهْلَكَ]

**”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: ـ قۇل ئازاد قىلالامسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم: ـ ياق، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ـ ئىككى ئاي ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتالامسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم يەنە: ياق، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىم بولۇپ قالدى. بىز ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتۇق. شۇ ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چوڭ بىر سېۋەتتە خورما كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بايىقى ئادەم قېنى؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم: ـ مانا مەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ـ بۇنى ئېلىپ سەدىقە قىلغىن! ـ دېدى. ئۇ ئادەم: ـ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، مەندىنمۇ كەمبەغەل بىرسى بارمىدۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئىككى سايلىقنىڭ ئارىسىدا (يەنى مەدىنىدە) مېنىڭ ئائىلەمدىنمۇ كەمبەغەل ئائىلە يوق، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى، ھەتتا چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالدى، ئاندىن: ـ ئۇنداقتا، بۇنى ئۆز ئائىلەڭدىكىلەرگە بەرگىن! ـ دېدى. “ (بۇخاري رىۋايەت قىلغان)**

## روزىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ھەققىدە قىسقىچە خۇلاسە

روزا تۇتقىنى ئېسىدە يوق ھالدا بىر نەرسە يەپ، ئىچىپ قويغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

روزا تۇتقان كىشىنىڭ گېلىغا چىۋىنغا ئوخشاش ئۇششاق ھاشاراتلار، ياكى چاڭ-توزان، ھەرخىل ئىس-تۈتەك كىرىپ كەتسە، ئۆزىگە ئەتىر چاچسا ياكى گۈللەرنى پۇرىسا، بوۋاقلارغا يېمەكلىك يېگۈزۈش ئۈچۈن ئاغزىدا ئىسسىق-سوغۇقنى بىلىپ باقسا، تاماق ئەتكەندە تۇزىنى تېتىپ باقسا ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

رامىزان كۈندۈزىدە ئېھتىلام بولۇپ قالغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ. ئۇنىڭغا غۇسۇل قىلىش پەرز بولىدۇ. بۇ غۇسۇل بىلەن روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

رامىزان كۈندۈزىدە ئىختىيارسىز قۇسقان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

زوھۇرلۇق يەۋاتقان ۋاقىتتا بامداتقا ئەزان ئوقۇلغان بولسا شۇ ھامان يېيىشنى توختىتىپ نىيەت قىلىش كېرەك. تۇتقان روزا دۇرۇستۇر.

جۇنۇپلۇقتىن پاك بولۇش ناماز ئوقۇش ئۈچۈن شەرتتۇر. ئەمما جۇنۇپلۇق ھالەتتە تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغان بولسا زوھۇرلۇقنى يەپ، نىيەتنى قىلىپ، ئاندىن غۇسلى قىلىدۇ.

90 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىدە سەپەرگە چىققان مۇساپىرلارنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەت باردۇر. ئەمما تۇتقىنى ئەۋزەلدۇر.

رامىزاننىڭ قازاسىنى تۇتۇشتا ئارقا-ئارقىدىن ئۇزمەي تۇتۇش شەرت ئەمەس، بەلكى پارچە-پارچە تۇتسىمۇ بولىدۇ.

روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈندۈزدە ئۆز تۈكۈرۈكىنى يۇتۇشى بىلەن روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈندۈزدە كۆزىگە سۈرمە تارتىشى ۋە دورا تېمىتىشى بىلەن روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

ھامىلىدار ۋە بالا ئېمىتىدىغان ئاياللار ئەگەر روزا تۇتسا ئۆزلىرىنىڭ ياكى باللىرىنىڭ زىيانلىق بولۇشىدىن قورقسا روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ، لېكىن كېيىن قازاسىنى تۇتىدۇ.

ھەيزدار ۋە نىپاسدار ئاياللارنىڭ روزا تۇتۇشى جائىز ئەمەس. تۇتقان تەقدىردىمۇ روزا ھېسابلانمايدۇ. رامىزان روزىسىنى تۇتالمىغان ئاياللار كېيىن روزىنىڭ قازاسىنى تۇتىدۇ. بىراق ئوقۇيالمىغان نامازلىرىنىڭ قازاسىنى ئوقۇمايدۇ.

روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈندۈزدە ئالدى ۋە كەينىدىن ئىبارەت ئىككى ئەۋرەت ئەزاسىغا دورا قويۇشى بىلەنمۇ روزىسى بۇزۇلىدۇ.

روزىدار كىشى رامىزان كۈندۈزىدە جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولغان، يېگەن، ئىچكەن بولسا روزىسى بۇزۇلىدۇ ۋە بۇنداق كىشىگە قازا بىلەن كاپارەت لازىم كېلىدۇ.

كاپارەت ــ بىر قۇل ئازاد قىلىش، ئەگەر تاپالمىسا ئىككى ئاي ئۈزمەي روزا تۇتۇش، ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە ئاتمىش مىسكىنگە بىر ۋاخ تاماق بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىپتار قىلماي، گاھى زوھۇرلۇق يېمەي ئۇلاپ روزا تۇتۇش مەكرۇھتۇر. ئەمما ئۇخلاپ قېلىپ زوھۇرلۇق يېيەلمىگەن ياكى ئىپتارلىقنى ۋاقتىدا قىلىش شارائىتى بولمىغانلار بۇنىڭ سىرتىدا.

شەك كۈندە (يەنى كىشىلەر شەئبانغا تەۋەمۇ ياكى رامىزانغىمۇ دەپ شەك قىلىپ قالىدىغان كۈندە شەك قىلغان ھالدا) روزا تۇتۇش مەكرۇھتۇر.

دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرىدە روزا تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن كىشىنىڭ روزا تۇتىدىغان كۈنى شەك كۈنگە توغرا كېلىپ قالغان بولسا، بۇ كۈندە روزا تۇتۇشى مەكرۇھ سانالمايدۇ.

قەستەن قۇسقان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ.

روزا ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈندە ۋە قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈندىن تۆتىنچى كۈنگىچىلىك روزا تۇتۇش ھارامدۇر.

روزىدار كىشى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان روزا تۇتۇشتىكى ئەھكاملارغا رىئايە قىلىش بىلەن بىرگە چوقۇم يالغانچىلىق، غەيۋەت، چېقىمچىلىق، بىھۇدە سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى قىلىش، باشقىلار بىلەن ئازارلىشىش قاتارلىق ئىشلاردىنمۇ قاتتىق ساقلىنىشى كېرەك. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ روزىنىڭ ئەجىر ـ ساۋابىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

[ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَنْ لَمْ يَدَعْ قَوْلَ الزُّورِ وَالْعَمَلَ بِهِ فَلَيْسَ لِلهِ حَاجَةٌ فِي أَنْ يَدَعَ طَعَامَهُ وَشَرَابَه]

**"ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى روزىدار تۇرۇپ يالغان سۆزلەشنى ۋە يالغان سۆز بىلەن ئىش قىلىشنى تەرك ئەتمەيدىكەن، ئۇنىڭ تاماق يېمەي، سۇ ئىچمەي تۇتقان روزىسىغا ئاللاھ تائالا موھتاج ئەمەس." (بۇخارىي رىۋايەت قىلغان)**

## قەدىر كېچىسىنىڭ پەزىلىتى

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿ إِنَّا أَنزَلْنَاهُ فِي لَيْلَةِ الْقَدْرِ وَمَا أَدْرَاكَ مَا لَيْلَةُ الْقَدْرِ لَيْلَةُ الْقَدْرِ خَيْرٌ مِّنْ أَلْفِ شَهْرٍ تَنَزَّلُ الْمَلَائِكَةُ وَالرُّوحُ فِيهَا بِإِذْنِ رَبِّهِم مِّن كُلِّ أَمْرٍ سَلَامٌ هِيَ حَتَّى مَطْلَعِ الْفَجْرِ﴾

﴿بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن قەدىر كېچىسىدە نازىل قىلدۇق. قەدىر كېچىسىنىڭ قانداق كېچە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ قەدىر كېچىسى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئەۋزەلدۇر. پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل شۇ كېچىدە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بىلەن، (شۇ يىلىلىق تەقدىر قىلىنىغان) تۈرلۈك ئىشلار ئۈچۈن چۈشىدۇ. شۇ كېچە تاڭ يورۇغۇچە (پەرىشتىلەر مۇئمىنلەرگە قىلغان) سالام بىلەن تولغان كېچە بولىدۇ﴾ (97-سۈرە/ قەدىر 1~5-ئايەت)

## قەدىر سۈرىسىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» نى قەدىر كېچىسىدە نازىل قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلار مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئاللاھ تائالا قۇرئاننى لەۋھۇل مەھفۇزدىن دۇنيانىڭ ئاسمىنىدىكى بەيتۇل ئىززەتكە بىر يولىلا نازىل قىلغان. ئاندىن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا 23 يىل ئىچىدە تەدرىجىي نازىل قىلغان، بۇ كېچىنىڭ «قەدىر كېچىسى» دەپ ئاتىلىشى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە شۇ كېچىنىڭ قەدرىنىڭ ۋە پەزىلىتىنىڭ چوڭ بولغانلىقى ھەمدە شۇ كېچىدە كىشىلەرنىڭ شۇ يىل ئىچىدىكى ئەمەللىرى، رىزقلىرى، شۇ يىلدا بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەقدىر قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇڭا، ئاللاھ تائالا قەدىر كېچىسىنىڭ شەنىنى چوڭ كۆرسىتىپ: « قەدىر كېچىسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟» دەيدۇ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پەزىلىتىنىڭ «قەدىر كېچىسى مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر» دېگەن سۆز بىلەن بايان قىلىدۇ، قەدىر كېچىسىدە ئىبادەت قىلىش، ئۇنى تائەت-ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش قەدىر كېچىسى بولمىغان مىڭ ئايلىق ئىبادەتكە تەڭ كېلىدۇ، دېگەنلىكتۇر. ئاندىن ئاللاھ تائالا قەدىر كېچىسىنىڭ پەزىلىتىنىڭ زىيادىلىكىدىن ۋە ھەرىكىتىنىڭ كۆپلۈكىدىن خەۋەر بېرىپ: بۇ كېچىدە پەرىشتىلەر كۆپ چۈشىدۇ، جىبرىئىلمۇ ئۇلار بىلەن بىللە چۈشىدۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلغان ياخشى-يامان ئىشلار توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى ئېلىپ چۈشىدۇ، ئۇلارنىڭ چۈشۈشى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولىدۇ، دەيدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پەزىلىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ: ئۇ كېچە تاڭ سۈزۈلگەنگە قەدەر ھېچقانداق يامانلىق يوق، پۈتۈنلەي تىنچ-ئامانلىق ۋە ياخشىلىقتىنلا ئىبارەت بولىدۇ، ئۇ كېچىدە پەرىشتىلەر يەر يۈزىدە مۇئمىنلەرگە سالام بېرىدۇ، دەيدۇ.

## قەدىر كېچىسىنىڭ پەزىلەتلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قەدىر كېچىسىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا مۇنداق سەھىھ ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ قَامَ لَيْلَةَ الْقَدْرِ إِيمَانًا وَاحْتِسَابًا غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِهِ]

**‹‹كىمكى قەدىر كېچىسىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ئىمان كەلتۈرۈپ، بۇ كېچىنىڭ ساۋابلىرىنى ئۈمىد قىلىپ بۇ كېچىنى ناماز ۋە باشقا ئىبادەتلەر بىلەن ئۆتكۈزسە، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.›› (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)**

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِىَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: لَمَّا حَضَرَ رَمَضَانُ، قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: قَدْ جَاءَكُمْ رَمَضَانُ شَهْرٌ مُبَارَكٌ، إِفْتَرَضَ اللهُ عَلَيْكُمْ صِيَامَهُ، تُفْتَحُ فِيهِ أَبْوَابُ الْجَنَّةِ، وَتُغْلَقُ فِيهِ أَبْوَابُ الْجَحِيمِ، وَتُغَلُّ فِيهِ الشَّيَاطِينُ، فِيهِ لَيْلَةٌ خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ شَهْرٍ، مَنْ حُرِمَ خَيْرَهَا، فَقَدْ حُرِمَ.]

**‹‹ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: رامىزان كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: سىلەرگە مۇبارەك رامىزان ئېيى كەلدى، ئاللاھ بۇ ئايدا روزا تۇتۇشۇڭلارنى پەرز قىلدى. بۇ ئايدا جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى تاقىلىدۇ، شەيتانلار باغلىنىدۇ. بۇ ئاي ئىچىدە پەزىلەتتە مىڭ ئايدىن ئارتۇق بىر كېچە بار. كىمكى ئۇ كېچىنىڭ پەزىلىتىگە ئېرىشىشتىن مەھرۇم قالسا، بارلىق ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ.››**

ئاللاھ تائالا قەدىر كېچىسىنى رامىزاننىڭ باشقا كېچىلىرىدىن ئالاھىدە شەرەپلىك ۋە خەيرلىك قىلىپ بەلگىلىدى. چۈنكى بۇ كېچە «قۇرئان كەرىم» نىڭ نۇرى تۇنجى قېتىم يەر شارىدا پارلاشقا باشلىغان بىر كېچە ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ كېچىنىڭ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدىكى تاق كېچىلەرنىڭ بىرىدە بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن ۋە بۇ كېچىنى تېپىش ئۈچۈن رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىشقا تەشەببۇس قىلغان ھەم ئۆزىمۇ شۇنداق قىلغان. چۈنكى، بۇ كېچىدە قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەر پەزىلەتتە ۋە ساۋابتا شۇ قەدىر كېچىسى بولمىغان مىڭ ئايلىق ئەمەل ئىبادەتتىن ئارتۇقتۇر.

شۈبھىسىزكى «قۇرئان كەرىم» نىڭ پارلاق نۇرى ئىنسانىيەتنىڭ قەلبلىرىگە نۇر چېچىشقا باشلىغان بۇ كېچە، باشقا ھەرقانداق كېچىلەردىن ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىكتۇر. ھېچقانداق كېچە ئۇنىڭغا تەڭ بولالمايدۇ. لېكىن، شۇنى ياخشى بىلىش كېرەككى، ھەر قانداق ئۇلۇغ ئاينىڭ، ھەر قانداق ئۇلۇغ كۈن ياكى كېچىنىڭ ۋە ھەر قانداق ئۇلۇغ سائەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ياخشىلىقلىرى، پەقەت ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلىپ، ئۇنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنالىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر. ئەمما، بۇ كېچىنى قەدىرلىمەي، ئۆزىنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدا جىمىقىپ قالغان كىشىلەر ئۈچۈن بۇ كېچىنىڭ باشقا كېچىلەردىن ھېچبىر پەرقى يوقتۇر.

## قەدىر كېچىسى ئىسلام ئۈممىتىگە بېرىلگەن نېئمەتتۇر

ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن قەدىر كېچىسىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىسلام ئۈممىتىگە مەخسۇس ئاتا قىلىنغان بىر كاتتا بىر نېئمەتتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇ كېچىنى «قۇرئان كەرىم» دە مەخسۇس بىر سۈرىدە تەكىتلەپ ئۆتكەن، «قۇرئان كەرىم» بولسا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەڭ مۇتىۋەر دەستۇرىدۇر. ئىمام مالىك ئۆزىنىڭ «ئەلمۇۋەتتا» ناملىق ئەسىرىدە مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ياشىغان ئۆمۈرلىرى كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، ئۆز ئۈممىتىنىڭ ئۆمرىنىڭ بۇرۇنقىلارنىڭ ئۆمرىگە نىسبەتەن قىسقا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۈممىتىنىڭ بۇ قىسقا ئۆمرىدە بۇرۇنقىلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى قىلالمايدىغانلىقىدىن ئەنسىرىگەندە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئۈممىتىگە مىڭ ئايدىن ياخشى بولغان قەدىر كېچىسىنى ئاتا قىلغان.

## قەدىر كېچىسىنىڭ ۋاقتى ۋە ئالامىتى

ئاللاھ تائالا قەدىر كېچىسىنىڭ رامىزان ئېيىنىڭ قايسى كېچىسىدە ئىكەنلىكىنى بىزگە مەلۇم قىلمىغان. بۇنداق بولۇشى كىشىلەر شۇ كېچىنى تېپىش مەقسىتى بىلەن رامىزان كېچىلىرىدە كۆپرەك ئىبادەتكە بېرىلسۇن دېگەن مەقسەت ئۈچۈن ئىدى. شۇنىڭدەك ئاللاھ تائالا جۈمە كۈنىدىكى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان سائەتنى ۋە «قۇرئان كەرىم» دىكى ئۇنى ئوقۇپ نېمە تىلىسە بېرىلىدىغان ئىسمۇلئەزەمنى بىزگە بىلدۈرمىگەن. بۇمۇ كىشىلەرنىڭ دۇئا ئىجابەت بولىدىغان سائەتنى ۋە ئىسمۇلئەزەمنى تېپىش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت دۇئا قىلسۇن ۋە «قۇرئان كەرىم» ئوقۇسۇن دېگەن مەقسەت ئۈچۈن ئىدى.

قەدىر كېچىسىنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەر:

[عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ إِنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اعْتَكَفَ الْعَشْرَ الْأَوَّلَ مِنْ رَمَضَانَ ثُمَّ اعْتَكَفَ الْعَشْرَ الْأَوْسَطَ فِي قُبَّةٍ تُرْكِيَّةٍ عَلَى سُدَّتِهَا حَصِيرٌ قَالَ فَأَخَذَ الْحَصِيرَ بِيَدِهِ فَنَحَّاهَا فِي نَاحِيَةِ الْقُبَّةِ ثُمَّ أَطْلَعَ رَأْسَهُ فَكَلَّمَ النَّاسَ فَدَنَوْا مِنْهُ فَقَالَ إِنِّي اعْتَكَفْتُ الْعَشْرَ الْأَوَّلَ أَلْتَمِسُ هَذِهِ اللَّيْلَةَ ثُمَّ اعْتَكَفْتُ الْعَشْرَ الْأَوْسَطَ ثُمَّ أُتِيتُ فَقِيلَ لِي إِنَّهَا فِي الْعَشْرِ الْأَوَاخِرِ فَمَنْ أَحَبَّ مِنْكُمْ أَنْ يَعْتَكِفَ فَلْيَعْتَكِفْ فَاعْتَكَفَ النَّاسُ مَعَهُ قَالَ وَإِنِّي أُرِيتُهَا لَيْلَةَ وِتْرٍ وَإِنِّي أَسْجُدُ صَبِيحَتَهَا فِي طِينٍ وَمَاءٍ.]

**”ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم**

رامزاننىڭ ئاۋۋالقى ئونىدا ئېتىكاپتا ئولتۇردى، ئاندىن كېيىن ئوتتۇردىكى ئونىدا تۈرك چېدىرىدا ئولتۇرۇپ ئېتىكاپتا ئولتۇردى. ئۇ چېدىرنىڭ ئىشىكىگە بىر پارچە بورا تارتىپ قويۇلغانىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بورىنى قولى بىلەن بىر تەرەپكە قايرىپ تۇرۇپ، بېشىنى چېدىردىن چىقاردى ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە: «مەن رامزاننىڭ ئاۋۋالقى ئونىدا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ، بۇ كېچىنى (يەنى قەدىر كېچىسىنى) ئىزدىدىم. ئاندىن كېيىن ئوتتۇردىكى ئونىدا ئېتىكاپتا تۇرۇپ ئىزدىدىم. كېيىن ماڭا ئۇ كېچىنىڭ رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە بولىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى. خالىغانلار ئېتىكاپنى داۋاملاشتۇرسۇن» دېدى. كىشىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ئېتىكاپتا ئولتۇردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: «چۈشۈمدە ماڭا ئۇ كېچىنىڭ تاق كۈنلەردە بولىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى. (چۈشۈمدە) ئۇ كېچىنىڭ ئەتىگىنى پاتقاقتا سەجدە قىلىۋاتقانلىقىمنى كۆردۈم» دېدى. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

[قَالَ رَسُولُ اللهِ: يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّهَا كَانَتْ أُبِينَتْ لِي لَيْلَةُ الْقَدْرِ وَإِنِّي خَرَجْتُ لِأُخْبِرَكُمْ بِهَا فَجَاءَ رَجُلَانِ يَحْتَقَّانِ مَعَهُمَا الشَّيْطَانُ فَنُسِّيتُهَا فَالْتَمِسُوهَا فِي الْعَشْرِ الْأَوَاخِرِ مِنْ رَمَضَانَ الْتَمِسُوهَا فِي التَّاسِعَةِ وَالسَّابِعَةِ وَالْخَامِسَةِ.]

”پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ئى خالايىق! ماڭا قەدىر كېچىسى بىلدۈرۈلدى، مەن ئۇنى سىلەرگە خەۋەر قىلغىلى چىقسام، شەيتان جېدەلگە سېلىپ قويغان ئىككى كىشى كەلدى، شۇنىڭ بىلەن، (قايسى كېچىدە ئىكەنلىكىنى) ئۇنتۇلدۇرۇلدۇم. ئۇنى رامزاننىڭ ئاخىرقى ئونىنىڭ توققۇزىنچى، يەتتىنچى ۋە بەشىنچى كېچىلىرى ئىزدەڭلار! دېدى.“

[عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصَّامِتِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِنَّ أَمَارَةَ لَيْلَةِ الْقَدْرِ أَنَّهَا صَافِيَةٌ بَلْجَةٌ كَأَنَّ فِيهَا قَمَرًا سَاطِعًا سَاكِنَةٌ سَاجِيَةٌ لَا بَرْدَ فِيهَا وَلَا حَرَّ وَلَا يَحِلُّ لِكَوْكَبٍ أَنْ يُرْمَى بِهِ فِيهَا حَتَّى تُصْبِحَ وَإِنَّ أَمَارَتَهَا أَنَّ الشَّمْسَ صَبِيحَتَهَا تَخْرُجُ مُسْتَوِيَةً لَيْسَ لَهَا شُعَاعٌ مِثْلَ الْقَمَرِ لَيْلَةَ الْبَدْرِ.]

”ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىر كېچىسىنىڭ ئالامىتى شۇكى، بۇ كېچە خۇددى ئۇنىڭدا نۇر چېچىپ تۇرغان ئاي باردەكلا سۈپ ـ سۈزۈك ئايدىڭ بولىدۇ. تىنچ بولۇپ، بەك سوغۇق ياكى بەك ئىسسىقمۇ بولۇپ كەتمەيدۇ. ئۇ كېچىدىن تاكى تاڭ ئاتقۇچە ھەتتا شەيتاننى سوقۇدىغان يۇلتۇزلارمۇ چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر ئالامىتى شۇكى، بۇ كۈندە قۇياش چاقناپ، كۆزنى قاماشتۇرماي خۇددى تولۇق ئاي چىققاندەكلا نۇرسىز چىقىدۇ.“

[عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا : أَنَّ رِجَالاً مِنْ أَصْحَابِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أُرُوا لَيْلَةَ الْقَدْرِ فِي الْمَنَامِ فِي السَّبْعِ الأَوَاخِرِ. فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: أَرَى رُؤْيَاكُمْ قَدْ تَوَاطَأَتْ فِي السَّبْعِ الأَوَاخِرِ. فَمَنْ كَانَ مُتَحَرِّيهَا فَلْيَتَحَرَّهَا فِي السَّبْعِ الأَوَاخِرِ.]

”ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر مۇنچە ساھابىلەر چۈشىدە قەدىر كېچىسىنىڭ رامىزاننىڭ ئاخىرقى يەتتە كېچىسىدە بولىدىغانلىقىنى كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: چۈشۈڭلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ رامىزاننىڭ ئاخىرقى يەتتىسىگە بىرلىككە كەلگەنلىكىنى كۆردۇم، كىمكى قەدىر كېچىسىنى تاپماقچى بولسا، ئۇنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى يەتتىسىدىن تاپسۇن.“ (بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

[ عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصَّامِتِ قَالَ أَخْبَرَنَا رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَنْ لَيْلَةِ الْقَدْرِ فَقَالَ هِيَ فِي شَهْرِ رَمَضَانَ فَالْتَمِسُوهَا فِي الْعَشْرِ الْأَوَاخِرِ فَإِنَّهَا وَتْرٌ لَيْلَةِ إِحْدَى وَعِشْرِينَ أَوْ ثَلَاثٍ وَعِشْرِينَ أَوْ خَمْسٍ وَعِشْرِينَ أَوْ سَبْعٍ وَعِشْرِينَ أَوْ آخِرِ لَيْلَةٍ مِنْ رَمَضَانَ مَنْ قَامَهَا احْتِسَابًا غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِهِ.]

”ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەدىر كېچىسى ھەققىدە سۆزلەپ مۇنداق دېدى: ئۇ كېچە رامىزاندا بولىدۇ، ئۇنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدىن ئىزدەڭلار. ئۇ تاق كېچىلەردە بولۇپ، يىگىرمە بىر، يىگىرمە ئۈچ، يىگىرمە بەش، يىگىرمە يەتتىسىدە ياكى رامىزاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى تاق كېچىلىرىدە بولىدۇ. كىمكى ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا شۇ كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزسە، ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.“ (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

[ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أُنَيْسٍ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ أُرِيتُ لَيْلَةَ الْقَدْرِ ثُمَّ أُنْسِيتُهَا وَأَرَانِي صُبْحَهَا أَسْجُدُ فِي مَاءٍ وَطِينٍ.]

”ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چۈشۈمدە ماڭا قەدىر كېچىسى كۆرسىتىلدى، ئەمما (قايسى كۈن بولىدىغانلىقىنى) ئۇنتۇپ قالدىم. (چۈشۈمدە) شۇ كېچىنىڭ ئەتىگىنى لاي سۇغا سەجدە قىلىۋاتقانلىقىمنى كۆردۇم.“

### رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئىبادەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزان ئايلىرىدا باشقا ئايلارغا قارىغاندا ئىبادەتكە قاتتىق بېرىلەتتى ۋە باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا تەشەببۇس قىلاتتى. خۇسۇسەن رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئۇندا ئىبادەتكە قاتتىق بېرىلىشكە ۋە قەدىر كېچىسىنى تېپىشقا بۇيرۇيتتى. ئۆزىمۇ بۇ كۈنلەردە ئىبادەت ئۈچۈن ئۆزىنى قاتتىق تۇتاتتى.

[ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا دَخَلَ الْعَشْرُ أَحْيَا اللَّيْلَ وَأَيْقَظَ أَهْلَهُ وَجَدَّ وَشَدَّ الْمِئْزَرَ.]

”ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونى كىرسە، كېچىچە ئىبادەت قىلاتتى، ئائىلىسىنى (تەھەججۇد ئۈچۈن) ئويغىتاتتى ۋە ناھايىتى جىددىي قارايتتى ھەم ئىشتان بېغىنى چىڭ باغلايتتى (يەنى ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلمايتتى).“ (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

[عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: تَحَرَّوْا لَيْلَةَ الْقَدْرِ فِي الْوِتْرِ مِنْ الْعَشْرِ الْأَوَاخِرِ]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: قەدىر كېچىسىنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدىن ئىزدەڭلار.“ (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)

## قەدىر كېچىسى ئوقۇلىدىغان دۇئا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:مەن رەسۇلۇللاھتىن: ئەگەر مەن قەدىر كېچىسىنىڭ بولىدىغان ۋاقتىنى بايقىسام، بۇ كېچىدە نېمە دەپ دۇئا قىلسام بولىدۇ؟ دەپ سورىغىنىمدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنۇ دۇئانى ئۆگەتتى: [اَللّٰهُمَّ إِنَّكَ عَفُوٌّ تُحِبُّ الْعَفْوَ فَاعْفُ عَنِّيْ] ”ئى ئاللاھ! سەن ھەقىقەتەن گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىدىغان ۋە ئەپۇ قىلىشنى ياقتۇرىدىغان ئىلاھسەن، گۇناھلىرىمنى ئەپۇ قىلغايسەن.“ (تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان)

ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەلىم بېرەتتى ۋە «قۇرئان كەرىم» نى ئۇنىڭغا ئوقۇتۇپ باشتىن ـ ئاخىر بىر قېتىم تىڭشايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپاتىنىڭ ئالدىنقى رامىزان ئېيىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم» نى ئىككى قېتىم ئوقۇتۇپ تىڭشىغان.

[عن عَائِشَةَ قَالَتْ كُنَّ أَزْوَاجُ النَّبِيِّ ﷺ عِنْدَهُ لم يُغَادِرْ مِنْهُنَّ وَاحِدَةً فَأَقْبَلَتْ فَاطِمَةُ تَمْشِي مَا تُخْطِئُ مِشْيَتُهَا من مِشْيَةِ رَسُولِ اللهِ ﷺ شَيْئًا فَلَمَّا رَآهَا رَحَّبَ بِهَا فَقَالَ مَرْحَبًا بِابْنَتِي ثُمَّ أَجْلَسَهَا عَنْ يَمِينِهِ أَوْ عَنْ شِمَالِهِ ثُمَّ سَارَّهَا فَبَكَتْ بُكَاءً شَدِيدًا فَلَمَّا رَأَى جَزَعَهَا سَارَّهَا الثَّانِيَةَ فَضَحِكَتْ فَقُلْتُ لَهَا خَصَّكِ رَسُولُ اللهِ ﷺ مِنْ بَيْنِ نِسَائِهِ بِالسِّرَارِ ثُمَّ أَنْتِ تَبْكِينَ فَلَمَّا قَامَ رَسُولُ اللهِ ﷺ سَأَلْتُهَا مَا قَالَ لَكِ رَسُولُ اللهِ ﷺ قَالَتْ مَا كُنْتُ أُفْشِي عَلَى رَسُولِ اللهِ ﷺ سِرَّهُ قَالَتْ فَلَمَّا تُوُفِّيَ رَسُولُ اللهِ ﷺ قُلْتُ عَزَمْتُ عَلَيْكِ بِمَا لِي عَلَيْكِ من الْحَقِّ لَمَا حَدَّثْتِنِي مَا قَالَ لَكِ رَسُولُ اللهِ ﷺ فَقَالَتْ أَمَّا الْآنَ فَنَعَمْ أَمَّا حِينَ سَارَّنِي فِي الْمَرَّةِ الْأُولَى فَأَخْبَرَنِي اِنَّ جِبْرِيلَ كَانَ يُعَارِضُهُ الْقُرْآنَ فِي كل سَنَةٍ مَرَّةً أو مَرَّتَيْنِ وإِنَّهُ عَارَضَهُ الْآنَ مَرَّتَيْنِ وَأَنِّي لَا أُرَى الْأَجَلَ اِلاَّ قَدْ اقْتَرَبَ فَاتَّقِي اللهَ وَاصْبِرِي فَإِنَّهُ نِعْمَ السَّلَفُ أَنَا لَكِ قَالَتْ فَبَكَيْتُ بُكَائِيَ الَّذِي رَأَيْتِ فَلَمَّا رَأَى جَزَعِي سَارَّنِي الثَّانِيَةَ فَقَالَ يَا فَاطِمَةُ أَمَا تَرْضَيْ أَنْ تَكُونِي سَيِّدَةَ نِسَاءِ الْمُؤْمِنِينَ أو سَيِّدَةَ نِسَاءِ هَذِهِ الْأُمَّةِ قَالَتْ فَضَحِكْتُ ضَحِكِي الَّذِي رَأَيْتِ. ]

”ئائىشــە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ســەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرى بىلەن ئولتۇراتتى، ھېچبىرى ئۇنىڭ يېنىدىن تېخى ئايرىلمىغانىدى. دەل شۇ چاغدا، يېنىمىزغا فاتىمە كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ مېڭىشــى پەيغەمبەر ئەلەيھىســسالامنىڭكىگە بەكمۇ ئوخشايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ بەكمۇ سۆيۈندى ۋە : خۇش كەلدىڭ، قىزىم، ـ دەپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئاندىن ئۇنى ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە ئولتۇرغۇزۇپ، قۇلىقىغا بىر نەرسىلەرنى پىچىرلىغانلىقتىن، فاتىمە ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتى. قىزنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىســسالام يەنە بىر نەرســىلەرنى پىچىرلىغانىدى، بۇ قېتىم كۈلۈشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ: پەيغەمبەر ئەلەيھىســسالام سىزگە نېمە دېدى؟ ـــ دەپ سورىدىم. ئۇ ئورنىدىن تۇردى، مەن يەنە بىر قېتىم ســورىغاندىم، ئۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىســـــسالامنىڭ مەخپىيىتىنى ئاشكارىلىمايمەن، ـــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، فاتىمەگە: ئۈســتىڭىزدىكى ھەق ـــ ھۆرمىتىم بىلەن سورايمەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ۋاقىتتا ســىزگە نېمە دېگەنىدى؟ ـــ دېدىم. فاتىمە: سىزگە ئەمدى ئېيتىپ بېرەي. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرىنچى قېتىم پىچىرلىغاندا: جىبرىئىل قۇرئاننى ھەر يىلى بىر قېتىم ئوقۇتاتتى، ئەمما بۇ يىل ئىككى قېتىم ئوقۇتتى. بۇنىڭدىن ئەجىلىمنىڭ يېقىنلىشــىپ قالغانلىقىنى بىلدىم. ئى فاتىمە! ئاللاھتىن قورق ۋە ســەۋرچان بول. مەن ســەندىن بۇرۇن كېتىدىغان ئەڭ ســالىھ كىشــىمەن. دېدى، مەن قاتتىق قايغۇرغانلىقىمدىن يىغلاپ كەتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىســسالام مېنىڭ يىغلىغىنىمنى كۆرۈپ: ئى فــاتىمە! ســەن مۇئمىن ئاياللارنىڭ ياكى مۇشــۇ ئۇممەت ئاياللىرىنىڭ ســەردارى بولۇشــقا رازى ئەمەســمۇ؟ دېگەنىدى، ســىزنىڭ كۆرگىنىڭىزدەك كۈلۈپ كەتتىم، ـ دېدى. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن ئالتە ئاي كېيىن ھەزرىتى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولغان. بۇ ھەدىستىن رامىزاندا «قۇرئان كەرىم» نى خەتمە قىلىشنىڭ ۋە ئۇنى ئۆگىنىشنىڭ نەقەدەر ئەۋزەل ئىكەنلىكى ئېپادىلىنىدۇ.

# مۇسۇلمان كىشىنىڭ سۈپىتى (1)[①]

ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى كۆپلەپ قىلىدىغان، بۇ دۇنيالىق نېسىۋىسىنىمۇ زايا قىلىۋەتمەيدىغان ئىنساننى يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان، يارامىلىق ئىنسان، پەزىلەتلىك ئائىلە، ئىناق جەمئىيەت، ئۈلگىلىك مىللەت، ئادىل دۆلەتنى يېتىلدۈرۈش، ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلارغا ئۈندەش ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ مەقسەتلىرىدىن بىرى. مۇشۇ مەقسەتلەر ئاساسىدىكى مۇسۇلمان كىشىنىڭ سۈپەتلىرىنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى نىشانى بولسا زېمىندا ئاللاھنىڭ ئورۇنباسارى بولۇشقا يارايدىغان، ئاللاھ ئەڭ كاتتا ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلغان، ئەڭ گۈزەل رەۋىشتە ياراتقان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن يارامىلىق ئىنسان يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇ ئىنساني ئالاھىدىلىكلەر ئۆزىدە مۇجەسسەملەنگەن ۋە ھايۋاني قىلمىشلاردىن خالىي بولغان ئىنساندۇر. بۇ يارامىلىق ئىنسان بولسا بەخت ـ سائادەتلىك ئائىلىنىڭ، ئىناق جەمئىيەتنىڭ، ئۈلگىلىك مىللەتنىڭ ئاساسىدۇر.

**مۇسۇلمان كىشى ئىمان ۋە ئەقىدىگە ئىگە ئىنساندۇر.**

ئىسلام دىنىدىكى ئىنسان بولسا ـــ ھەممىدىن ئاۋۋال ـ ئۇنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ۋە دۇنيا توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ئېنىق بولغان ئىمان ۋە ئەقىدىگە ئىگە ئىنساندۇر. شۇڭا، ئۇ بىرەر دېھقان تېرىماستىن ئۆزىچىلا ئۆسۈپ قالغان ئۆسۈملۈك ئەمەس؛ كائىناتمۇ بىرەر ياراتقۇچى ياراتماستىن، بىرەر ئىدارە قىلغۇچى ئىدارە قىلماستىن ئۆزىچە پەيدا بولۇپ قالغان ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆزىنى ياراتقان، كامىل قىلغان، ھېكمەتلەرنى بىلدۈرگەن، ئەقىل ـ ئىدراك، ئەركىنلىك ئاتا قىلغان ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن، كىتابلارنى چۈشۈرۈپ بەرگەن، دەلىللەرنى تۇرغۇزۇپ بەرگەن، نىشان ۋە يولنى بىلدۈرگەن بىر ياراتقۇچىسىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ.

شۇنىڭدەك بۇ گۈزەل ئالەمدە ھەر نەرسىنى ياراتقان ئاندىن ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى ئالدىن بەلگىلىگەن، ھەممە نەرسىگە ئۆزىگە مۇناسىپ خاراكتېر ئاتا قىلغان،

① بۇ ماقالە «مدخل لمعرفة الإسلام» ناملىق كىتاپتىن پايدىلىنىپ تەييارلاندى.

ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى كۆرسەتكەن بىر ئۇلۇغ ياراتقۇچى باردۇر. لېكىن، ئۇنى ياراتقان ياراتقۇچى ئۇنى باشقا بىر دۇنياغا ئالماشتۇرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ مەڭگۈلۈك دۇنيادۇر، ئۇ دۇنيادا ھەر بىر كىشى ئۆزى قىلغان ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە قارىتا مۇكاپاتلىنىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ.

**﴿بىز ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، ئۇنداق قاراش كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كاپىرلارنىڭ دوزاختىكى ھالىغا ۋاي! بىز ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق ياكى تەقۋادارلارنى پاسىقلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟﴾ (38 ـ سۈرە / ساد 27 ـ، 28 ـ ئايەت)**

**﴿بۇ جەننەت سىلەرنىڭ ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەنلا قولغا كەلمەيدۇ، كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن جازالىنىدۇ، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ، ئەر ـ ئاياللاردىن مۇئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 123 ـ، 124 ـ ئايەت)**

مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىپ، ئاللاھنىڭ بارلىق كىتابلىرى ۋە بارلىق پەيغەمبەرلىرىگە ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشىنىپ، ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشقا، ئاللاھنىڭ ھېساب ئېلىشىغا، ئاللاھنىڭ جازا ـ مۇكاپاتىنىڭ ئادىل ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ ياشايدۇ.

**﴿بۇ كۈندە شەپقەتلىك ئاللاھ شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت بەرگەن ۋە سۆزىدىن رازى بولغان ئادەمدىن باشقا ھېچقانداق ئادەمنىڭ شاپائىتى پايدا بەرمەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىنى ۋە كەينىدىكىنى بىلىدۇ، ئۇلار بولسا ئاللاھنى تولۇق بىلمەيدۇ. گۇناھكارلار مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى مەڭگۈ ھايات ئاللاھقا ئېگىلىدۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلەر شەكسىز زىيان تارتىدۇ، ئاللاھقا ئىشىنىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۇۋالچىلىققا ئۇچراشتىن، ساۋابىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ﴾ (20 ـ سۈرە / تاھا 109~112 ـ ئايەت)**

ئىمان مۇسۇلمان بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى پەرقلەندۈرىدىغان بىردىن بىر ئالاھىدىلىك. مۇسۇلمان ئىسلامنىڭ جەۋھىرى بولغان تەۋھىد ئەقىدىسىگە ئىمان ئېيتقان بولىدۇ. تەۋھىدنىڭ مەنىسى: ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق بىر ياراتقۇچى يوق، ئاللاھدىن ئۆزگە ھېچقانداق بىر مەبۇد يوق دېگەنلىك. يەنى ئاللاھنى پۈتۈن ئالەمنىڭ بىردىن بىر پەرۋەردىگارى دەپ بىلىش ۋە ئاللاھنى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ بىردىن ـ بىر ئىلاھى دەپ بىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەرەب

مۇشرىكلىرى ئاللاھنىڭ ئاسمانلار ۋە زېمىننىڭ يېگانە ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. «قۇرئان كەرىم» دە ئۇلار توغرىسىدا شۇنداق بايان قىلىندى:

**﴿ئەگەر سەن ئۇلاردىن: ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى، كۈننى ۋە ئاينى كىم بويسۇندۇردى؟ دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ﴾ (29 ـ سۈرە / ئەنكەبۇت 61 ـ ئايەت))**

ئۇلار ئاللاھنىڭ پۈتۈن ئالەمنىڭ بىردىن ـ بىر پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، يەنە ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپاتسىزلا ئاللاھقا قوشۇپ باشقا ئىلاھلارغىمۇ ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز، «قۇرئان كەرىم» دە ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ بايانى ھەققىدە شۇنداق كەلدى:

**﴿ئۇلار «بۇ (بۇت) لار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلاردۇر» دېيىشىدۇ﴾ (10 ـ سۈرە / يۇنۇس 18 ـ ئايەت)**

**﴿بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر﴾ (39 ـ سۈرە / زۇمەر 3 ـ ئايەت)**

ئىسلام دىنى ئىنساننى يېگانە ئاللاھتىن ئۆزگىگە چوقۇنۇشتىن، يەنى تەبىئەتكە چوقۇنۇشتىن، زېمىن ياكى ئاسمانلاردىكى نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىشتىن ۋە ھايۋانلارغا چوقۇنۇشتىن، شەيتانغا چوقۇنۇشتىن، ئۇ مەيلى پادىشاھ ياكى كاھىن بولسۇن ھەر قانداق بىر ئىنسانغا قۇلچىلىق قىلىشتىن، ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنىڭ قۇلچىلىقلىرىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن بۈيۈك چاقىرىق ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىنسان يېگانە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قايسى ئەل پادىشاھلىرىغا ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىپ مەكتۇپلارنى ئەۋەتتى ۋە ئۇلارغا ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىنى تۆۋەندىكى مۇبارەك ئايەت بىلەن ئاياغلاشتۇردى:

**﴿ئى ئەھلى كىتاب! پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر خىل ئەقىدە كەلمىسىگە كېلىڭلار ﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 64 ـ ئايەت)**

## مۇسۇلمان تەقۋادار، ئىبادەتكە ھېرىسمەندۇر.

مۇسۇلمانلار تەقۋادار، ئىبادەتكە ھېرىسمەن بولىدۇ. ئۇ ئەتراپىدىكى كائىناتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى، ئەمما ئۆزىنىڭ يېگانە ئاللاھ ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ نىشانىنى ۋە مەۋجۇتلۇقىنىڭ سىرىنى چۈشىنىدۇ.

يېگانە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك بولسا ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ چوڭ غايىسى، دەل مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىنسان يارىتىلدى، دەل مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇ ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بېرىلدى. ئاللاھ تائالا شۇنداق دەيدۇكى:

**﴿مەن جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا قۇلچىلىق قىلسۇن دەپ ياراتتىم، مەن ئۇلاردىن رىزىق تەلەپ قىلمايمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنىمۇ ئۈمىد قىلمايمەن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، بۈيۈك كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىگىسىدۇر﴾ (51 ـ سۈرە / زارىيات 56~58 ـ ئايەت)**

مەخلۇقاتلار ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىگە خىزمەت قىلىدۇ، مەخلۇقاتلارنىڭ ھەر بىر تۈرى ئۆزىدىن ئورۇن جەھەتتە ئۈستۈن بولغان تۈرگە خىزمەت قىلىدۇ، جانسىز مېنىرال ماددىلار ئۆسۈملۈكلەرگە خىزمەت قىلىدۇ، ئۆسۈملۈكلەر ھايۋانلارغا خىزمەت قىلىدۇ، ھايۋانلار ئىنسانغا خىزمەت قىلىدۇ، ئۇنداقتا ئىنسان كىمگە خىزمەت قىلىدۇ؟

ئىنسان پەقەت ئۆز پەرۋەردىگارىغا، يوقتىن پەيدا قىلغۇچىسىغا قۇلچىلىق قىلىش ئۈچۈن، يەنى ئۇنىڭغا زېمىندىكى ياكى ئاسمانلاردىكى ھېچكىمنى، ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن يېگانە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ئوخشىمىغان ئەسىر ـ زامانلاردا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى:

**﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق﴾ (16 ـ سۈرە / نەھل 36 ـ ئايەت)**

**﴿ (ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە : «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق ﴾ (21 ـ سۈرە / ئەنبىيا 25 ـ ئايەت)**

شۇڭا، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھقا ئىخلاسمەن بولۇشىنى،ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئاللاھ تائالا چەكلىگەنلەردىن يېنىشىنى، ئاللاھتىن قورقۇپ، ئاللاھقا ھەر دائىم تەقۋادار بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ:

**﴿ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭكىنى قوبۇل قىلىدۇ﴾ 5 ـ سۈرە / مائىدە 27 ـ ئايەت)**

تۈنجى بولۇپ ئىسلام دىنى ئىبادەتنى پەرز قىلغان. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ بۈيۈك ئاساسلىرى بولغان ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەجدىن ئىبارەت چوڭ دىنىي مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈشتە ئىپادىلىنىدۇ، ئاندىن زىكىر ـ تەسبىھ، دۇئا ـ تىلاۋەت، قۇرئان ئوقۇشقا ئوخشاش ئىبادەتلەرنى تولۇقلاشتا ئىپادىلىنىدۇ.

مۇسۇلمان كىشى ئۆز پەرۋەردىگارىنى ھەر ۋاقىت، ھەر قانداق ئەھۋالدا ئەسلەپ

تۇرىدۇ، يەپ-ئىچكىنىدە، ئۇخلىغاندا، ئويغانغاندا، ئەتىگەن-كەچتە، كىرىپ-چىقىشىدا، سەپەر قىلغاندا ۋە قايتقىنىدا، كىيىم كەيگەن، قاتناش ۋاسىتىلىرىغا ئولتۇرغان چاغلاردا ھەتتا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەنكى پائالىيەتلىرىدىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەر قانداق ئەھۋالدا ئاللاھنى زىكرى قىلىشنى ھەممە ئىشنىڭ بېشى قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ:

**﴿ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ﴾ (3-سۈرە / ئال ئىمران 191-ئايەت)**

باشقا دىنغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز ئىلاھلىرىغا ھەپتىدە پەقەت بىر قېتىم ئىبادەت قىلسا، مۇسۇلمانلار ئۈزلىرىگە پەرز قىلىنغان ھەر كۈندىكى بەش ۋاخ نامازلىرىدا ۋە دائىملىق نەپلە ئەمەللىرىدە، زىكىر-تەسبىھ، دۇئايى-ئىستىغپارلىرىدا ئاللاھ بىلەن قىلىنغان ۋەدىسىنى ئادا قىلىدۇ:

**﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار، ئاللاھقا ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار﴾ (33-سۈرە / ئەھزاب 42، 41-ئايەت)**

مۇسۇلمان كىشى ئەگەر ئاللاھنىڭ يولىنى چىڭ تۇتسا، ئەمەل-ئىبادىتىدە ھەتتاكى دۇنيا مەشغۇلاتلىرىدىمۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلسا پۈتۈن ھاياتىنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرالايدۇ.

## مۇسۇلمان كىشى ئەخلاق-پەزىلەتكە ئىگە ئىنساندۇر.

مۇسۇلمان كىشى ئەقىدە-ئىمانغا ئىگە ئىنسان ۋە تەقۋادار ۋە ئىبادەتكە ھېرىسمەن ئىنسان بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ئۇ ئەخلاق-پەزىلەتلىك ئىگە ئىنساندۇر. ئۇنىڭدا پۈتۈن پاكلىق مۇجەسسەملەنگەن، ئادالەت، رەھىمدىللىك، باشقىلارنى ئەلا بىلىش پەزىلەتلىرى گەۋدىلەنگەن بولىدۇ. ئۇ ئاللاھ تائالا "گۈزەل ئەخلاقلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن" ئەۋەتكەن ۋە ئۇنى "بۈيۈك ئەخلاق ئىگىسى" دەپ سۈپەتلىگەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى "ئەڭ ياخشى ئۈلگە" قىلىدۇ ۋە قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭغا يېقىن بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ نۇرىدىن پايدىلىنىدۇ. ئۇنىڭ يېتەكلىشى بىلەن توغرا يول تاپىدۇ. ئۇنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىدۇ. ئۇ ئىنسان ئۆز نەپسىنى ھەر خىل پائالىيەت، ئۈزلۈكسىز تىرىشىش، داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرۇش بىلەن پاكلىغان چاغدا ھاۋايى-ھەۋەسلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ-دە، ئۇ نەپسى "يامان ئىشلارغا بۇيرىغۇچى نەپسى" دىن "ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپسى" گە ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ

بىلەن تەقۋالىق، پاسىقلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ھەقىقىي نىجاتلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھ تائالا شۇنداق دەيدۇ:

﴿جان بىلەن ۋە جان ئىگىسىنى بىجىرىم ياراتقان، ياخشى ـ يامانلىقنى ئۇنىڭغا تونۇتقان زات بىلەن قەسەمكى، قەلبىنى پاكلىغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ، قەلبىنى گۇناھ ـ مەئسىيەتكە كۆمگەن ئادەم چوقۇم زىيان تارتىدۇ﴾ (91 ـ سۈرە / شەمس 7~10 ـ ئايەت)

ئىسلام دىنى ھەقىقەتەن بىرگە ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ ئەقىدىنىڭ تەقەززاسى، ئىماننىڭ مۇكەممەللىكلىرىدىن ئىكەنلىكىنى ئۆگەتتى. شۇنىڭدەك ئەخلاق ـ پەزىلەت بولسا ھەقىقىي ئىبادەتنىڭ زۆرۈر مېۋىسى، ئەگەر ئىبادەت ئەخلاق ـ پەزىلەتتىن مېۋە بەرمىسە چوقۇمكى بۇ شۇ ئىبادەتنىڭ زەئىپ ئىبادەت ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى.

«قۇرئان كەرىم» بىرگە مۇنۇ ئايەتتە ئەخلاق ـ پەزىلەتكە مۇجەسسەملەنگەن ئىمان ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدۇ:

﴿مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يەتتى، ئۇ مۆئمىنلەر نامازلىرىدا ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر، ئۇلار بىھۇدە سۆز ـ ھەرىكەتتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر، ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر، ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچىلاردۇر... ئۇ مۆئمىنلەر يەنە ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىلەرگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر...﴾ (23 ـ سۈرە مۆئمىنۇن / 1~8 ـ ئايەت)

شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنۇ ھەدىستە ئەخلاق ـ پەزىلەت، ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدە ئاشۇنداق مۇجەسسەملەنگەن ئىمان ھەققىدە سۆزلەپ شۇنداق دەيدۇ:

"كىمكى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، قېرىنداشلىق مېھرىنى يەتكۈزسۇن. كىمكى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، قوشنىسىغا ئازار بەرمىسۇن. كىمكى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن."

ئىمان يەتمىش نەچچە شاخچىغا بۆلۈنىدۇ، ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى لاَ إله الا الله (لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ) دېيىش، ئەڭ تۆۋىنى: يولدىن ئەزىيەت بېرىدىغان نەرسىنى ئېلىپ تاشلاش. ھايا قىلىش ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر.

ئىمام بەيھەقى «ئىمان شاخچىلىرىنىڭ توپلىمى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك بىر كىتابنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ كىتاب ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلغان ھەربىر پەزىلەت ۋە ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىمام بەيھەقى بۇ پەزىلەت ـ ئەخلاقلارنىڭ ھەممىسىنى يۇقىرىدىكى ھەدىسنى دەلىل قىلىپ ئىماننىڭ شاخچىلىرىدىن دەپ سانىدى.

پەرز قىلىنغان مۇراسىم خاراكتېرىدىكى ئىبادەت نەپسىنى پەزىلەتلىك ئىشلار بىلەن پاكلاش ۋە ئۇنى رەزىللىكلەردىن تازىلاشنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ مېڭىلىتەلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە ئاشۇنىڭغا ئىشارەت قىلىنغان ئايەتلەر كەلدى:

ناماز ھەققىدە:

**﴿مۇكەممەل ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ﴾ (29 ـ سۈرە / ئەنكەبۇت 45 ـ ئايەت)**

زاكات ھەققىدە:

**﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن﴾ (9 ـ سۈرە / تەۋبە 103 ـ ئايەت)**

روزا ھەققىدە:

**﴿ گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ پەرز قىلىندى ﴾ (21 ـ سۈرە / ئەنبىيا 183 ـ ئايەت)**

سەھىھ بۇخارىدىكى بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى:

**"كىمكى يالغان سۆزلەشنى ۋە يالغانچىلىق بىلەن ئىش قىلىشنى تاشلىمايدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ يېمەي ـ ئىچمەي تۇتقان روزىسىغا مۇھتاج ئەمەس."**

بەلكىم بىر روزا تۇتقۇچىنىڭ تۇتقان روزىسىدا ئاچلىقتىن باشقا نەرسە بولماسلىقى مۇمكىن، بەلكىم كېچىلىرى قىيامدا تۇرغۇچىنىڭ كېچىلىك نامىزىدا ئۇيقۇسىزلىقتىن باشقا نەرسە بولماسلىقى مۇمكىن.

مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى بىر پۈتۈنلىكتىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئەخلاقى ئۆزىگە ئوخشاشلار بىلەن مۇئامىلىدە بولغاندا جازانىنى ھارام قىلىپ، باشقىلار بىلەن مۇئامىلىدە بولغاندا ئۇنى ھالال سانايدىغان يەھۇدىينىڭ ئەخلاقى ئەمەس. ئۇنىڭ ئەخلاقى ئۆز دۆلىتى ئىچىدە يۈكسەك ئەخلاق ـ پەزىلەت بىلەن مۇئامىلىدە بولىدىغان، باشقا دۆلەت بىلەن مۇئامىلىدە بولغاندا ئوغرىلىق، زۇلۇم قىلىدىغان، ئۆز بېشىمچىلىق، تەكەببۇرلۇق قىلىدىغان غەربنىڭ مۇستەملىكىچى ئىنسانلىرىنىڭ ئەخلاقى ئەمەس.

مۇسۇلمان كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ۋە ئۆچ كۆرگەن ھەرقانداق كىشىگىمۇ، ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا ۋە يىراق دۈشمەنلىرىگىمۇ ئادىل مۇئامىلە قىلىدۇ.

**﴿سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىشكە توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتتە چىڭ تۇرۇڭلار﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 135 ـ ئايەت)**

**﴿بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار ئۇلارغا ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن،**

(دۈشــمەنلەرگە) ئادىل بولۇڭلار، بۇنداق قىلىشــىڭلار تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار»
(5 ـ سۈرە / مائىدە 8 ـ ئايەت)

## مۇسۇلمان كىشى شەرىئەت ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلىدىغان ئىنساندۇر.

مۇسۇلمان كىشى ـ ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرگە رىئايە قىلىشتىن باشقا ـ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا، پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا بېكىتىلگەن، پەرز قىلىنغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھالال قىلىپ بېكىتكەن، ئۇنىڭغا ھارام قىلىپ چەكلەنگەن، ئۇنىڭغا مەجبۇرىيەت قىلىپ بەلگىلەپ بەرگەن، ھەق ـ ھوقۇقلارنى ئۇنىڭغا بايان قىلىپ بەرگەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئېھتىياجلىق بولغان ھەر بىر نەرسىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن شەرىئەتكە ئەمەل قىلىدۇ. شەرىئەت ئىنسانغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر نەرسىنى سەل قاراپ تاشلاپ قويمىدى. شەرىئەت ئىنسانغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بەردى ۋە ئۇ ئىنسانغا ئاشۇ يولدا يولۇقىدىغان زۆرۈرىيەتلەرگە رىئايە قىلغان ئاساستا شۇ توغرا يولدا مېڭىشىنى بەلگىلىدى. شەرىئەت چەكلەنگەن بەزى نەرسىلەرنى زۆرۈرىيەت تەلەپ قىلغان مىقدار، زامان، ئۆلچەمدە، ئاشۇرۇۋەتمەستىن، زۇلۇم قىلماستىن ئۇنىڭغا يوللۇق قىلىپ بەردى. ھارام قىلىنغان يېمەكلىكلەر ھەققىدە ئاللاھ تائالا شۇنداق دەيدۇ:

«كىمكى (بۇ نەرسىلەردىن) ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجسىزلىقتىن ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»
(2 ـ سۈرە / بەقەرە 173 ـ ئايەت)

مۇسۇلمان كىشىنىڭ قەلبى پۈتكۈل ھاياتىدا ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىلىرى بىلەن مايىل قىلىنغان بولىدۇ. ئۇ كۆڭلى تارتقاننى قىلىشقا قويۇۋېتىلمەستىن بەلكى، ئۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەللەرنى قىلىشقا بۇيرۇلدى.

ئەگەر بىز يېمەكلىكنى مىسال ئالساق، مۇسۇلمان كىشى ئۆلۈك نەرسىلەرنى، قاننى، چوشقا گۆشىنى يېمەيدۇ. ئىسلام دىنى پرىنسىپى بويىچە بوغۇزلانغان گۆشنىلا يەيدۇ، ئەمما بوغۇزلانمىغان ياكى بۇتلارغا ئاتاپ بوغۇزلانغان ياكى ئاللاھتىن باشقىنىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى مۇسۇلماننىڭ يېيىشى ھالال بولمايدۇ.

شۇنىڭدەك، مۇسۇلمانلارغا قانۇنلۇق ئىگىسىدىن مەجبۇرلاپ ئېلىۋېلىنغان، ئوغرىلانغان ياكى يالغاندىن ئالداپ ئېلىۋېلىنغان يېمەكلىكلەرنى يېيىشى ھالال بولمايدۇ، شۇنداقلا رازى بولمىغان كىشىنىڭ تاماقىنى يېيىشمۇ ھالال بولمايدۇ.

شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئۇيغۇن بولمىغان نەرسىدىن كېلىپ چىققان ھەر بىر نەرسە ئوتنىڭ باراۋەرىدىدۇر.

شۇنداقلا، مۇسۇلمانلارغا يېسە زىيان قىلىدىغان ھەر قانداق تائام ياكى ھەر قانداق نەرسىنى ئىستېمال قىلىش ھالال بولمايدۇ، چۈنكى ئۆزىگە زىيان سېلىش ھارام قىلىنغان، ئۆزىگە زىيان سېلىش ئۆزىنى ئاستا ـ ئاستا ھالاك قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا شۇنداق دەيدۇ:

**﴿سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 29 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: **"زىيان تارتىشمۇ ۋە زىيان سېلىشمۇ يوق."**

يەنى ئۆزۈڭلارغا زىيان سالماڭلار ۋە باشقىلارغىمۇ زىيان يەتكۈزمەڭلار.

بۈگۈنكىدىن تاماكىنىڭ ئىلمىي، تېببىي ۋە ئەمەلىي نۇقتىدىن زىيانلىق ئىكەنلىكىكى ئايان بولغاندىن كېيىن ئۇنى ۋە ئۇنىڭ تۈردىكىلەرنى ئىستېمال قىلىش شەكسىز ھارام ھېسابلىنىدۇ. زەھەرلىك چېكىملىكلەر ئۇنىڭ ئەڭ يامىنى. ئىسلامدىكى ھارام قىلىش ناپاك، زىيانلىق نەرسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ:

**﴿ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ﴾ (7 ـ سۈرە / ئەئراف 157 ـ ئايەت)**

شۇنداقلا مۇسۇلمان كىشى ئەقلى، جىسمى، ئەخلاقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھاراق تۈردىكى ئىچىملىكلەرنىمۇ ئىچمەيدۇ، ئۇنى پۈتۈن ناچار ئىشلارنىڭ ئانىسى، شەيتاننىڭ ئىشىدىن بولغان بىر ئىپلاسلىق دەپ سانايدۇ. سەھىھ ھەدىستە شۇنداق كەلدى:

**" زىنا قىلغۇچى مۆئمىن ھالىتىدە تۇرۇپ زىنا قىلمايدۇ، ئوغرى مۆئمىن ھالىتىدە تۇرۇپ ئوغرىلىق قىلمايدۇ، ھاراق ئىچكۈچى مۆئمىن ھالىتىدە تۇرۇپ ھاراق ئىچمەيدۇ."**

ھەتتا ھالالدىن يېگەن ۋە ھالالدىن ئىچكەن تەقدىردىمۇ، مۇسۇلمان كىشى ئالتۇن، كۈمۈش قاچىلاردا ئوزۇقلانمايدۇ. ئاشۇ ھەقىقەتكى ھەدىستە كەلگىنىدەك:

**"ئالتۇن، كۈمۈش قاچىلاردا يېمەكلىك يېگەن، ئىچىملىك ئىچكەن كىشىنىڭ قورسىقىدا پەقەتلا دوزاخ ئوتى شىرىلدىشاتقان بولىدۇ."**

مۇسۇلمان كىشى ھالال نەرسىلەردىن يەپ ـ ئىچكەندە مۇناسىپ چەكتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، چەكتىن ئېشىپ كېتىش ھارام قىلىنغان ئىسراپچىلىق دائىرىسىگە كىرىپ قالىدۇ، ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇكى:

**﴿ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر قېتىم ناماز ئوقۇيدىغان چاغدا چىرايلىق كىيىنىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ﴾ (7 ـ سۈرە / ئەئراف 31 ـ ئايەت)**

«ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىلەر ھالال، ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەر ھارام. ئاللاھ سۈكۈت قىلغان نەرسىلەر كەچۈرۈلىدىكەن».

**مۇسۇلمان كىشى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان ئىنساندۇر.**

مۇسۇلمان ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان ئىنساندۇر، يەنى ئۇ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، بەلكى باشقىلارنى ئاللاھنىڭ توغرا يولىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ھىدايەت نۇرىغا ئەگىشىشكە چاقىرىدۇ.

مۇشۇ سەۋەبتىن بىز «ئەسىر سۈرىسى» نىڭ ئىخچام ھالدا ئىنسانىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەت زىيانلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنى، ئۆزئارا ھەقنى تەۋسىيە قىلىشنى ۋە ئۆزئارا سەبىرنى تەۋسىيە قىلىشنى شەرت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يېتىمىز.

**﴿زامان بىلەن قەسەمكى، ھەر قانداق ئىنسان ھەقىقەتەن زىيان ئىچىدە بولىدۇ، پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەرلا زىيان تارتمايدۇ﴾ (ئەسىر سۈرىسى)**

بۇ يەردىكى "بىر ـ بىرىگە تەۋسىيە قىلىش" دېگەننىڭ مەنىسى: باشقىلارغا ھەقنى تەۋسىيە قىلىش، باشقىلارنى ھەق ئىشقا دەۋەت قىلىش ۋە شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ھەق ئىشقا تەۋسىيە قىلىشىنى قوبۇل قىلىشتۇر. ھەر بىر مۇسۇلمان ھەق ئىشقا تەۋسىيە قىلغۇچى ۋە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھەق ئىشقا تەۋسىيە قىلىنغۇچىدۇر. مانا بۇ بىر ـ بىرىگە تەۋسىيە قىلىشنىڭ مەنىسى.

مۇسۇلمان كىشى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىدىغان خاراكتېرگە ئىگىدۇر. چۈنكى، ئۇ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتكۈل دۇنياغا، پۈتكۈل زامانغا، پۈتكۈل ھاياتلىققا ئومۇم ئەلچى ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىدۇ. ئۇ بۇ ئەلچىلىكنىڭ نۇرىنى يېيىشقا ۋە پۈتۈن دۇنياغا ئۇنىڭ رەھمىدىللىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ:

**﴿ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾ (21 ـ ئايەت / ئەنبىيا 107 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە بىرگە ئۆگەتكىنىدەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى ھەققىدە مۇنداق دېدى: "**مەن پەقەتلا رەھمەت قىلغۇچى ۋە توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىمەن.**" ئۇنىڭ

ئۇممىتىمۇ ئوخشاشلا ئاللاھ تائالا ئۇنى ئەۋەتكەن مەقسەتتە ئەۋەتىلگەن. ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ھەربىر كىشى پەيغەمبەرنى ئۈلگە قىلغان ھالدا ئاللاھنىڭ يولىدا دەۋەت قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ شۇنداق دەيدۇ:

**﴿(ئى مۇھەممەد) ئېيتقىنكى، «بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، مەن كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىغا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز﴾ (12 ـ سۈرە / يۇسۇف 108 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن ھەر بىر كىشى روشەن دەلىللەر ئاساسىدا ئاللاھنىڭ يولىغا دەۋەت قىلىدۇ. ئاشۇنداق قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

شۇنىڭدەك ساھابە رەبىئ ئىبنى ئامىر پارىسلارنىڭ قوماندانى رۇستەمگە مۇنداق دېدى: ''ئاللاھ بىزنى كىشىلەرنى بەندىگە ئىبادەت قىلىشتىن يېگانە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، دۇنيا تارچىلىقىدىن كەڭرىلىككە، دىنلارنىڭ زۇلۇمىدىن ئىسلام ئادالىتىگە ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئەۋەتتى.''

مۇسۇلمان كىشى ئالدى بىلەن ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى، ئەۋلادلىرى، ئائىلىسىنى ياخشىلىققا چاقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتتىكى:

**﴿ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالىچاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان دوزاختىن ساقلاڭلار﴾ (66 ـ سۈرە / تەھرىم 6 ـ ئايەت)**

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن، سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز. ساڭا بىز رىزىق بېرىمىز، ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر﴾ (20 ـ سۈرە / تاھا 132 ـ ئايەت)**

# روزا تۇتۇشنىڭ سالامەتلىك جەھەتتىكى پايدىلىرى

## فَوَائِدُ الصِّيَامِ الصِّحِّيَّةُ

يقول تعالى في كتابه الكريم [ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ] (البقرة 183) ويقول جل وعلا [ وَأَنْ تَصُومُوا خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ ] (البقرة 184) فهل اكتشف العلم الحديث السر في قوله تعالى [ وأن تصوموا خير لكم ] إن الطب الحديث لم يعد يعتبر الصيام مجرد عملية إرادية يجوز للإنسان ممارستها أو الامتناع عنها، فإنه وبعد الدراسات العلمية والأبحاث الدقيقة على جسم الإنسان ووظائفه الفسيولوجية ثبت أن الصيام ظاهرة طبيعية يجب للجسم أن يمارسها حتى يتمكن من أداء وظائفه الحيوية بكفاءة، وأنه ضروري جدا لصحة الإنسان تماما كالأكل والتنفس والحركة والنوم، فكما يعاني الإنسان بل يمرض إذا حرم من النوم أو الطعام لفترات طويلة، فإنه كذلك لا بد أن يصاب بسوء في جسمه لو امتنع عن الصيام

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:«ئى مۆئمىنلەر! گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك سىلەرگىمۇ پەرز قىلىندى» (بەقەرە سۈرىسى 183 ـ ئايەت) ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىلسەڭلار، روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (روزا تۇتماي فىدىيە بېرىشتىن) ياخشىدۇر» يېقىنقى زامان ئىلىم ـ پەنلىرى ئاللاھ تائالانىڭ «روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېگەن سۆزىدىكى سىر ـ ھېكمەتنى بايقاپ يەتتىمۇ؟ يېقىنقى زامان تېبابىتى «روزىنى ئەمدى ئىنسان تۇتسىمۇ بولىدىغان ياكى تۇتمىسىمۇ بولىدىغان، پەقەتلا ئۆز خاھىشىدىكى بىر جەريان» دەپ قارىمايدىغان بولدى. چۈنكى تېبابەت ئىلمى بىر قانچە ئىلمىي تەتقىقاتلاردىن كېيىن ۋە ئادەم بەدىنى ۋە ئۇنىڭ پىسخولوگىيەلىك ۋەزىپىلىرى ھەققىدە ئىنچىكە ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، روزا تۇتۇش بەدەن ئۆزىنىڭ بىيولوگىيەلىك ۋەزىپىلىرىنى يېتەرلىك ئادا قىلالايدىغان دەرىجىدە ئېلىپ بېرىشى لازىم بولغان نورمال بىر ھادىسە ئىكەنلىكىنى؛ روزا تۇتۇش ئىنساننىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن خۇددى تاماق يېيىش، نەپەسلىنىش، ھەرىكەت قىلىش، ئۇخلاشقا ئوخشاش تامامەن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئىنسان ئۇزۇن مەزگىل ئۇخلاشتىن ۋە تاماقتىن مەھرۇم بولسا ئۇنىڭغا يېتىدىغان ئوڭۇشسىزلىق ۋە كېسەللىكمۇ ھەم شۇنداق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسان روزا تۇتۇشتىن چەكلىنىپ قالسا ئۇ بەدىنىدىكى بىرەر يامان ئىللەتكە يولۇقىشىمۇ چوقۇم.

وفي حديث رواه النسائي عن أبي أمامة " قلت: يا رسول مرني بعمل ينفعني الله به، قال: عليك بالصوم فإنه لا مثل له" وقال صلى الله عليه وسلم فيما رواه الطبراني " صُومُوا تَصِحُّوا " والسبب في أهمية الصيام للجسم هو أنه يساعده على القيام بعملية الهدم التي يتخلص فيها من الخلايا القديمة وكذلك الخلايا الزائدة عن حاجته، ونظام الصيام المتبع في الإسلام – والذي يشتمل على الأقل على أربع عشرة ساعة من الجوع والعطش ثم بضع ساعات إفطار – هو النظام المثالي لتنشيط عمليتي الهدم والبناء، وهذا عكس ما كان يتصوره الناس من أن الصيام يؤدي إلى الهزال والضعف، بشرط أن يكون الصيام بمعدل معقول كما هو في الإسلام، حيث يصوم المسلمون شهرا كاملا في السنة



www.uyghurkitap.com

ويسن لهم بعد ذلك صيام ثلاثة أيام في كل شهر كما جاء في سنة النبي صلى الله عليه وسلم فيما رواه الإمام أحمد والنسائي عن أبي ذر رضي الله عنه: "مَنْ صَامَ مِنْ كُلِّ شَهْرٍ ثَلاَثَةَ أَيَّامٍ فَذَلِكَ صِيَامُ الدَّهْرِ، فأنزل الله تصديق ذلك في كتابه [ مَنْ جَاءَ بِالْحَسَنَةِ فَلَهُ عَشْرُ أَمْثَالِهَا ]، اليوم بعشرة أيام "

نىسائىي ئەبۇ ئەمامەدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلدى: ''مەن: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مېنى ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرىدىغان بىر ئەمەلگە بۇيرىغىن» دېدىم. رەسۇلۇللاھ :«روزا تۇتۇشتا چىڭ تۇر، چۈنكى روزا تۇتۇشقا باراۋەر تۇرىدىغان ھېچنەرسە يوق» دېدى. ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبرانىي رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېدى: «روزا تۇتۇڭلار، سالامەت بولىسىلەر»''روزا تۇتۇشنىڭ بەدەن ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولۇشىدىكى سەۋەب، روزا بەدەننىڭ كونا ھۈجەيرىلەردىن ۋە شۇنداقلا ئېھتىياجدىن ئارتۇق ھۈجەيرىلەردىن خالاس بولىدىغان ئاجرىلىش جەريانىنى ئېلىپ بېرىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئىسلام دىنىدا ئەمەل قىلىنىۋاتقان، ئاز دېگەندە ئاچ ـ ئۇسسۇز ھالەتتە ئون تۆت سائەتنى، ئېغىز ئوچۇق بىر قانچە سائەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان سىستېما ـ ئاجرىلىش ـ بىرىكىش جەريانىنى جانلاندۇرىدىغان ئۈلگىلىك بىر سىستېمىدۇر. روزا تۇتۇش ئىسلام دىنىدا كەلگىنىدەك نورمال، ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇش شەرتى بىلەن كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلىپ كېلىۋاتقان «روزا تۇتۇش ئورۇقلاش، ئاجىزلىششقا ئېلىپ بارىدۇ» دېگەننىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتىدۇ. بۇ چاغدا مۇسۇلمانلار بىر يىلدا تولۇق بىر ئاي روزا تۇتىدۇ، ئۇلارغا ئاشۇنىڭدىن كېيىن ئەھمەد ۋە نەسەئىي ئەبۇ زەردىن رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىدە كەلگىنىدەك ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش بەلگىلەنگەن. «كىمكى ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتسا، ئاشۇ يىل بويى روزا تۇتقانغا باراۋەردۇر.» ئاللاھ تائالا ئاشۇ كۈننىڭ ئون كۈنگە باراۋەر بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئۆزىنىڭ كىتابىدا مۇنداق نازىل قىلدى: «بىرەر ياخشىلىق قىلغان كىشى ئون ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا ئىگە بولىدۇ)

وقاية من الأورام

يقوم الصيام مقام مشرط الجراح الذي يزيل الخلايا التالفة والضعيفة من الجسم، فالجوع الذي يفرضه الصيام على الإنسان يحرك الأجهزة الداخلية لجسمه لاستهلاك الخلايا الضعيفة لمواجهة ذلك الجوع، فتتاح للجسم فرصة ذهبية كي يسترد خلالها حيويته ونشاطه، كما أنه يستهلك أيضا الأعضاء المريضة ويجدد خلاياها، وكذلك يكون الصيام وقاية للجسم من كثير من الزيادات الضارة مثل الحصوة والرواسب الكلسية والزوائد اللحمية والأكياس الدهنية وكذلك الأورام في بداية تكونها .

روزا تۇتۇش ئۆسمە كېسەللىكلىرىگە يولۇقۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ

روزا تۇتۇش بەدەندىكى بۇزۇلغان، زەئىپ ھۈجەيرىلەرنى ئېلىپ تاشلايدىغان ئوپېراتسىيە پىچىقىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. روزا تۇتۇش ئىنسانغا ئېلىپ كېلىدىغان ئاچ ھالەت ئاشۇ ئاچ ھالەتكە تاقابىل تۇرۇش ئاجىز ھۈجەيرىلەر خورىتىش ئۈچۈن بەدەننىڭ ئىچكى ئورگانلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بەدەنگە ئۆزىنىڭ جانلىقلىقى ۋە ئېتىكلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك پۇرسەت

چىقىدۇ. شۇنداقلا روزا تۇتقاندىكى ئاچ ھالەت كېسەل ئەزالارنىمۇ خورىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھۈجەيرىلىرىنى يېڭىلايدۇ. شۇنداقلا روزا تۇتۇش بەدەننى تاش، بور شەكىللىك چۆكۈندىلەر: گۆشسىمان ئارتۇق ماددىلار، مايسىمان خالتىلىق ماددىلار، شۇنداقلا پەيدا بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئۆسمىلەرگە ئوخشاش زىيانلىق ئارتۇق نەرسىلەردىن ساقلايدىغان بولىدۇ.

يحمي من السكر

فعلا هو خير فرصة لخفض نسبة السكر في الدم إلى أدنى معدلاتها، وعلى هذا فإن الصيام يعطي غدة البنكرياس فرصة رائعة للراحة، فالبنكرياس يفرز الأنسولين الذي يحول السكر إلى مواد نشوية ودهنية تخزن في الأنسجة، فإذا زاد الطعام عن كمية الأنسولين المفرزة فإن البنكرياس يصاب بالإرهاق والإعياء، ثم أخيرا يعجز عن القيام بوظيفته، فيتراكم السكر في الدم وتزيد معدلاته بالتدريج حتى يظهر مرض السكر. وقد أقيمت دور للعلاج في شتى أنحاء العالم لعلاج مرضى السكر باتباع نظام الصيام لفترة تزيد على عشر ساعات وتقل عن عشرين كل حسب حالته، ثم يتناول المريض وجبات خفيفة جدا، وذلك لمدة متوالية لا تقل عن ثلاثة أسابيع. وقد جاء هذا الأسلوب بنتائج مبهرة في علاج مرضى السكر ودون أية عقاقير كيميائية .

روزا تۇتۇش دىيابېت كېسىلىگە يولۇقۇشتىن ساقلايدۇ

روزا تۇتۇش ھەقىقەتەن قاندىكى شېكەر ماددىسىنىڭ نىسبىتىنى ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى بىر پۇرسىتى، بۇنىڭغا ئاساسەن روزا تۇتۇش ئاشقازان ئاستى بېزىگە ئارام ئېلىشنىڭ ئەڭ ئوڭۇشلۇق پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاشقازان ئاستى بېزى شېكەر ماددىسىنى توقۇلمىلاردا ساقلىنىدىغان كىراخمال ۋە ماي ماددىلىرىغا ئايلاندۇرىدىغان ئىنسۇلىنغا ئېرىشىدۇ. ئەگەر يېيىلگەن تاماق ئېرىشىلگەن ئىنسۇلىننىڭ مىقدارىدىن ئېشىپ كەتسە ئاشقازان ئاستى بېزى ئارتۇق ئىشلەپ ھالىدىن كېتىدۇ، ئاخىرى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قان تەركىبىدە شېكەر ماددىلىرى توپلىنىدۇ، ئۇنىڭ نورماللىقى تەدرىجي ئېشىپ شېكەر كېسىلى پەيدا بولىدۇ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا روزا تۇتۇش تەرتىپىگە رىئايە قىلىش بىلەن شېكەر كېسىلى بىمارلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن داۋالاش ئورۇنلىرى قۇرۇلدى. روزا تۇتۇش مەزگىلى روزا تۇتىدىغان پەيتنىڭ ئەھۋالى بويىچە ئون سائەتتىن ئارتۇق يىگىرمە سائەتتىن كەم بولىدۇ، بىمارلار ناھايىتى يەڭگىل تاماق يەيدۇ، ئاشۇ ئۈچ ھەپتىدىن كەم بولمىغان بىر مۇددەت داۋاملىشىدۇ، بۇ ئۇسۇل شېكەر كېسىلى بىمارلىرىنى داۋالاشتا ھەر قانداق خىمىيەۋى دورىلاردىن قېلىشمايدىغان پارلاق نەتىجىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

طبيب تخسيس

إنه وبلا مبالغة أقدر طبيب تخسيس وأرخصهم على الإطلاق، فإن الصيام يؤدي حتما إلى إنقاص الوزن، بشرط أن يصاحبه اعتدال في كمية الطعام في وقت الإفطار، وألا يتخم الإنسان معدته بالطعام والشراب بعد الصيام، لقد كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يبدأ إفطاره بعدد من التمرات لا غير أو بقليل من الماء ثم يقوم إلى الصلاة، وهذا الهدي هو خير هدي لمن صام عن الطعام والشراب ساعات طوال، فالسكر الموجود في التمر يشعر الإنسان بالشبع لأنه يمتص بسرعة إلى الدم، وفي نفس الوقت يعطى الجسم الطاقة اللازمة لمزاولة نشاطه المعتاد .

روزا تۇتۇش ـ چىقىمنى ئازايتىدىغان دوختۇر

روزا تۇتۇشنىڭ چىقىمنى ئازايتىدىغان ئەڭ ئىقتىدارلىق بىر دوختۇر ئىكەنلىكى، ئومۇمەن دوختۇرلارنىڭ ئەڭ ئەرزان باھالىقى ئىكەنلىكى ھېچبىر مۇبالىغە ئەمەس، روزا تۇتۇش بىلەن ئېغىز ئېچىلغاندا تاماق مىقدارىدىكى نورماللىق بىردەك بولۇشى، ئىنسان روزىدىن كېيىن تاماق ۋە ئىچىملىك بىلەن ئاشقازاننى بۇزۇپ قويماسلىق شەرتى بىلەن روزا تۇتۇش مۇقەررەر بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ كەمىيىشىگە ئېلىپ بارىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت بىر قانچە خورما ياكى ئازراق سۇ بىلەن ئېپتار قىلاتتى، ئاندىن ناماز ئوقۇيتتى. بۇ ئۇسۇل ـ ئۇزۇن ۋاقىت تاماق ۋە سۇدىن ئۆزىنى تۇتۇپ روزا تۇتقان كىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بىر ئۇسۇل. خورمىدا بار بولغان شېكەر ماددىسى ئىنسانغا توقلۇقنى ھېس قىلدۇرىدۇ، چۈنكى شېكەر قانغا تېز سۈمۈرۈلىدۇ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە شېكەر بەدەنگە ئادەتتىكى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن لازىملىق ئېنېرگىيەلەرنى ئاتا قىلىدۇ.

أما لو بدأت طعامك بعد جوع بأكل اللحوم والخضراوات والخبز فإن هذه المواد تأخذ وقتا طويلا كي يتم هضمها ويتحول جزء منها إلى سكر يشعر الإنسان معه بالشبـع، وفي هذا الوقت يستمر الإنسان في ملء معدته فوق طاقتها توهما منه أنه مازال جائعا، ويفقد الصيام هنا خاصيته المدهشة في جلب الصحة والعافية والرشاقة، بل يصبح وبالا على الإنسان حيث يزداد معه بدانة وسمنة، وهذا ما لا يريده الله تعالى لعباده بالطبع من تشريعه وأمره لعباده بالصوم.

ئەمما سەن ئاچ ھالەتتىن كېيىن گۆش، كۆكتات، نان يېيىش بىلەن تاماق يېيىشنى باشلىساڭ، بۇ ماددىلار ھەزىم بولۇشى، ئۇلاردىن بىر قىسمى ئىنسانغا توقلۇقنى ھېس قىلدۇرىدىغان شېكەرگە ئايلىنىشى ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىتنى ئالىدۇ. بۇ چاغدا ئىنسان ئۆزىنى يەنىلا ئاچ خىيال قىلىپ، ئاشقازىنىنى ئىقتىدارىدىن ئارتۇق توشقۇزىۋېرىدۇ، بۇ چاغدا روزا تۇتۇش ساقلىق، سالامەتلىك، سالاپەت ئېلىپ كېلىشتىكى ئۆزىنىڭ ھەيران قالارلىق ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپلا قالماستىن بەلكى ئۇ ئىنسانغا يامان بىر ئاقىۋەت بولۇپ قالىدۇ، بۇ چاغدا سەمرىش ، قورساق سېلىش تېخىمۇ ئاشىدۇ بۇ ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالا روزىنى قانۇنلاشتۇرۇش، ۋە بەندىلىرىنى روزا تۇتۇشقا بۇيرۇشتىن بەندىلىرى ئۈچۈن ئىراده قىلمىغان ئىش.

[ شَهْرُ رَمَضَانَ الَّذِي أُنْزِلَ فِيهِ الْقُرْآنُ هُدًى لِلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِنَ الْهُدَى وَالْفُرْقَانِ، فَمَنْ شَهِدَ مِنْكُمُ الشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ، وَمَنْ كَانَ مَرِيضًا أَوْ عَلَى سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِنْ أَيَّامٍ أُخَرَ، يُرِيدُ اللهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلاَ يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ ] (البقرة 185)

«(روزا تۇتۇش پەرز قىلىنغان ساناقلىق كۈنلەر) ئىنسانلارغا يېتەكچى، ھىدايەت قىلغۇچى، ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىغان رامىزان ئېيىدۇر. شۇڭا سىلەردىن كىمكى بۇ رامىزان ئېيىنى كۆرسە، روزا تۇتسۇن، كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولسا (تۇتالمىغان كۈنلىرى ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ»

الأمراض الجلدية

إن الصـيام يفيد في علاج الأمراض الجلدية، والسبب في ذلك أنه يقلل نسبة الماء في الدم فتقل نسبته بالتالي في

الجلد، مما يعمل على :

- زيادة مناعة الجلد ومقاومة الميكروبات والأمراض المعدية الجرثومية
- التقليل من حدة الأمراض الجلدية التي تنتشر في مساحات كبيرة في الجسم مثل مرض الصدفية .
- تخفيف أمراض الحساسية والحد من مشاكل البشرة الدهنية .
- مع الصيام تقل إفرازات الأمعاء للسموم وتتناقص نسبة التخمر الذي يسبب دمامل وبثورا مستمرة .

روزا تۇتۇش تېرە كېسەللىكلىرىدىن ساقلايدۇ

روزا تۇتۇش ھەقىقەتەن تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا پايدىلىق، ئاشۇنىڭدىكى سەۋەب روزا تۇتۇشنىڭ قاندىكى سۇنىڭ نىسبىتىنى ئازايتىدىغانلىقىدا، نەتىجىدە تېرىدىكى سۇنىڭ نىسبىتىمۇ ئازىيىدۇ. ئەنە شۇ مۇنۇلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ :

ـ تېرىنىڭ ئىممۇنىتېت (كېسەلدىن ساقلىنىش) كۈچىنىڭ ئېشىشىغا، مىكروبلارغا ۋە باكتېرىيەلىك ئاشقازان كېسەللىكلىرىگە قارشى تۇرۇشقا ؛

ـ بەدەننىڭ كۆپ يېرىگە تارالغان تەڭگە تەمرەتكىگە ئوخشاش تېرە كېسەللىكلىرىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىشقا ؛

ـ زىيادە سېزىم كېسەللىكلىرىنى يەڭگىللىتىشكە، چىرايدىكى مايلىشىش مەسىلىلىرىنى چەكلەشكە ؛

ـ روزا تۇتۇش بىلەن ئۈچەيدىكى زەھەرلىك ئاجرالمىلار ئازىيىدۇ. ئىزچىل چىقان ۋە دانىخورەكنى پەيدا قىلىدىغان ئېچىتقۇلارنىڭ نىسبىتى تەدرىجي ئازىيىدۇ.

وقاية من داء الملوك

وهو المسمى بمرض "النقرس" والذي ينتج عن زيادة التغذية والإكثار من أكل اللحوم، ومعه يحدث خلل في تمثيل البروتينات المتوافرة في اللحوم "خاصة الحمراء" داخل الجسم، مما ينتج عنه زيادة ترسيب حمض البوليك في المفاصل خاصة مفصل الأصبع الكبير للقدم، وعند إصابة مفصل بالنقرس فإنه يتورم ويحمر ويصاحب هذا ألم شديد، وقد تزيد كمية أملاح البول في الدم ثم تترسب في الكلى فتسبب الحصـوة، وإنقاص كميات الطعام علاج رئيسي لهذا المرض الشديد الانتشار .

روزا تۇتۇش ئۇششاق بوغۇم ياللۇغىدىن ساقلايدۇ

ئۇششاق بوغۇم ياللۇغى نۇقرەس دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئوزۇقلۇقنىڭ ئېشىپ كېتىشى ۋە كۆپ گۆش يېيىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن «ئالاھىدە ئۆي ھايۋانلىرى» گۆشلىرىدە يېتەرلىك بولغان ئاقسىل ماددىلىرىنىڭ بەدەن ئىچىدە ھەزىم بولۇشىدا مەسىلە پەيدا بولىدۇ، ئەنە شۇ بوغۇملاردا، بولۇپمۇ، پۇتنىڭ باش بارماق بوغۇمىدا بورىك كىسلاتاسى چۆكۈندىسىنىڭ ئېشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بوغۇم نوقرەسكە گىرىپتار بولغاندا ياللۇغلىنىدۇ، قىزىيدۇ، بۇنىڭ بىلەن قاتتىق ئاغرىق بىللە بولىدۇ. قاندىكى سۈيدۈك تۇز ماددىلىرىنىڭ ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن، ئاندىن بۆرەكتە چۆكۈندە بولۇپ، تاش پەيدا قىلىشى مۇمكىن، تاماق مىقدارىنى كەمەيتىش بۇ كېڭىيىشچان كېسەللىكنىڭ ئاساسلىق داۋاسى.

جلطة القلب والمخ

أكد الكثيرون من أساتذة الأبحاث العلمية والطبية – وأغلبهم غير مسلمين- أن الصوم لأنه ينقص من الدهون في

الجسم فإنه بالتالي يؤدي إلى نقص مادة "الكوليسترول" فيه، وما أدراك "ماالكوليسترول" ؟؟ إنها المادة التي تترسب على جدار الشرايين، وبزيادة معدلاتها مع زيادة الدهون في الجسم تؤدي إلى تصلب الشرايين، كما تسبب تجلط الدم في شرايين القلب والمخ .

روزا تۇتۇش يۈرەك، مېڭىدە قان نوكچىسى پەيدا بولۇشتىن ساقلايدۇ

نۇرغۇنلىغان ئىلىم-پەن، تېبابەت تەتقىقات پىروفېسسورلىرى-ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمان ئەمەس- روزا تۇتۇش بەدەندىكى ماي ماددىلىرىنى كەمەيتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ نەتىجىدە بەدەندىكى «خولېسترول» ماددىسىنىڭ كەمىيىشىگە ئېلىپ بارىدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. «خولېسترول» دېگەن نېمە؟ ئۇ قان تومۇرلىرى دىۋارىدا چۆكۈندە بولۇۋالىدىغان بىر خىل ماددا. بەدەندىكى ماي ماددىسىنىڭ ئېشىشى بىلەن، خولېسترولنىڭ نورمال ھالىتى ئېشىپ كېتىش سەۋەبىدىن ئۇ قان تومۇرلىرىنىڭ قېتىشىغا يېتىپ بارىدۇ. شۇنداقلا يۈرەك ۋە مېڭە قان تومۇرلىرىدا قان نوكچىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

لا نندهش إذن عندما نستمع إلى قول الحق سبحانه وتعالى [ وأن تصوموا خير لكم إن كنتم تعلمون ] فكم من آلاف من البشر جنت عليهم شهيتهم المتوثبة دائما إلى الطعام والشراب دون علم و لا إرادة، ولو أنهم اتبعوا منهاج الله وسنة النبي محمد بعدم الإسراف في الأكل والشرب ، وبصيام ثلاثة أيام من كل شهر لعرفوا لآلامهم وأمراضهم نهايـة، ولتخففت أبدانهم من عشرات الكيلوجرامات

ئۇنداقتا بىز ئاللاھ تائالانىڭ «ئەگەر بىلسەڭلار، روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغىنىمىزدا ھەيرانلىق ھېس قىلمايمىز. قانچە مىڭلىغان كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ دائىم يېمەك-ئىچمەكنى قوغلىشىپ يۈرىدىغان ئىشتىھاسى بىلمەستىن ۋە خالىماستىن ئۆزىگە رام قىلىۋالدى-ھە! مۇبادا ئۇلار يېمەك-ئىچمەكتە چەكتىن ئاشۇرۋاتماستىن، ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش بىلەن ئاللاھنىڭ پىروگراممىسىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان يولىغا ئەمەل قىلغان بولسا ئىدى، ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاغرىقلىرى ۋە كېسەللىكلىرىنى بىلگەن بولاتتى، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى بىر قانچە ئون كىلو يەڭگىللىگەن بولاتتى.

آلام المفاصل

آلام المفاصل مرض يتفاقم مع مرور الوقت، فتنتفخ الأجزاء المصابة به، ويرافق الانتفاخ آلام مبرحة، وتتعرض اليدان والقدمان لتشوهات كثيرة، وذلك المرض قد يصيب الإنسان في أية مرحلة من مراحل العمر، ولكنه يصيب بالأخص المرحلة ما بين الثلاثين والخمسين، والمشكلة الحقيقية أن الطب الحديث لم يجد علاجا لهذا المرض حتى الآن، ولكن ثبت بالتجارب العلمية في بلاد روسيا أنه يمكن للصيام أن يكون علاجا حاسما لهذا المرض، وقد أرجعوا هذا إلى أن الصيام يخلص الجسم تماما من النفايات والمواد السامة، وذلك بصيام متتابع لا تقل مدته عن ثلاثة أسابيع، وفي هذه الحالة فإن الجراثيم التي تسبب هذا المرض تكون جزءا مما يتخلص منه الجسم أثناء الصيام، وقد أجريت التجارب على مجموعة من المرضى وأثبتت النتائج نجاحا مبهرا .

روزا تۇتۇش بوغۇم كېسەللىكلىرىدىن ساقلايدۇ

بوغۇم كېسەللىكلىرى ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئېغىرلىشىپ بارىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن ئاغرىغان ئەزالار ئىششىيدىغان، ئىششىش قاتتىق ئاغرىق بىلەن بىللە بولىدىغان، ئىككى قول ۋە ئىككى پۇت كۆپلىگەن غەيرى شەكىلگە كېلىپ قېلىشقا دۇچار بولىدىغان بىر كېسەل. بۇ كېسەلگە ئىنسان ئۆمۈرىنىڭ ھەرقانداق بىر باسقۇچىدا دۇچار بولىدۇ. ئەمەلىي قىيىنچىلىق ھازىرقى تېبابەت ئىلمىنىڭ ھازىرغىچە بۇ كېسەلنىڭ داۋاسىنى تاپالمىغانلىقى. لېكىن روسىيەدە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمي تەجرىبىلەر روزا تۇتۇشنىڭ بۇ كېسەلنىڭ مۇقەررەر داۋاسى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇلار بۇنى «روزا تۇتۇش بەدەننى كېرەكسىز ماددىلار ۋە زەھەرلىك ماددىلاردىن ساقلاپ قالىدۇ» دېگەن يەرگە ئېلىپ باردى. ئاشۇ مۇددەتتى ئۈچ ھەپتىدىن كەم بولمايدىغان ئۇدا روزا تۇتۇش بىلەن بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدىغان مىكروبلار روزا تۇتۇش داۋامىدا بەدەن ساقلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ، بىر تۈركۈم بىمارلار ئۈستىدە تەجرىبىلەر ئېلىپ بېرىلىپ، نەتىجىلەرنىڭ پارلاق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

إليك أهم 10 فوائد صحية يمكنك الاستفادة منها أثناء الصيام.

سىلەر روزا تۇتۇش داۋامىدا پايدىلىنىش مۇمكىن بولىدىغان سالامەتلىككە ئائىت ئون ئەڭ مۇھىم پايدىنى ئاڭلاڭلار:

1. الصيام يعزز إزالة السموم

فالأطعمة المصنعة مسبقا تحتوي على العديد من المواد الحافظة والإضافات. تلك الإضافات تتحول إلى سموم داخل الجسم. العديد من تلك السموم يتم تخزينها داخل دهون الجسم، وأثناء الصيام يتم حرق تلك الدهون، خاصة عند الصيام لمدة أطول. فيساعد ذلك على التخلص من السموم من خلال الكبد والكلى وباقي أعضاء الجسم المسؤولة عن التخلص من السموم.

1. روزا تۇتۇش زەھەرلىك ماددىلارنى يوقۇتۇشقا ياردەم بېرىدۇ؛

ئىلگىرى ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر مەلۇم ساندىكى ساقلىغۇچى ماددىلار ۋە قوشۇلما خۇرۇچلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاشۇ قوشۇلمىلار بەدەن ئىچىدە زەھەرلىك ماددىلارغا ئايلىنىدۇ. ئاشۇ زەھەرلىك ماددىلارنىڭ مەلۇم ساندىكىلىرى بەدەندىكى ماي ماددىلىرى ئىچىدە ساقلىنىدۇ، روزا تۇتۇش داۋامىدا، بولۇپمۇ ئۇزۇن مۇددەت روزا تۇتقاندا ئاشۇ ماي ماددىلىرى ئېرىيدۇ، ئاشۇ جىگەر، بۆرەك، ۋە زەھەرلىك ماددىلارنى ئاجرىتىشقا مەسئۇل بەدەننىڭ قالغان ئەزالىرى ئارقىلىق زەھەر ماددىلىرىنى ئاجرىتىپ چىقىرىشقا ياردەم بېرىدۇ.

2. الصيام يعمل على راحة الجهاز الهضمي

أثناء الصيام، يحظى الجهاز الهضمي بفترة من الراحة. فتستمر الوظائف الفسيولوجية الطبيعية وخاصة إفراز

العصارات الهضمية، لكن مع معدل أقل. وتلك الممارسات تساعد على الحفاظ على توازن سوائل الجسم .هضم الطعام يحدث أيضا بمعدلات ثابتة، مما يعمل على إنتاج الطاقة بمعدلات تدريجية. ومع ذلك، فالصيام لا يمنع إفراز الأحماض المعدية، لذلك، ينصح المرضى الذين يعانون من قرحة المعدة بالحذر عند الصيام.

2. روزا تۇتۇش ھەزىم قىلىش ئورگانلىرىنى ئارام ئالدۇرىدۇ.

روزا تۇتۇش داۋامىدا ھەزىم قىلىش ئورگانلىرى بىر مەزگىللىك ئارام ئېلىشقا ئېرىشىدۇ، نورمال فىزولوگىيلىك ۋەزىپىلەر، بولۇپمۇ ھەزىم قىلىش سۇيۇقلۇقلىرىنى ئاجرىتىپ چىقىرىش ئەڭ تۆۋەن نورماللىق بىلەن داۋاملىشىدۇ. ئاشۇ ئەمەلىي پائالىيەت بەدەندىكى سويۇقلۇقلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا ياردەم بېرىدۇ. تاماقنىڭ ھەزىم بولۇشىمۇ تۇراقلىق نورمال ھالەتلەردە ھاسىل بولىدۇ، ئەنە شۇ تەدرىجىي نورمال ھالەتتە ئېنېرگىيە ئىشلەپ چىقىرىشقا ياردەم بېرىدۇ. ئاشۇنداق بولسىمۇ، روزا تۇتۇش ئاشقازان كىسلاتاسىنى ئاجرىتىپ چىقىرىشنى توسۇپ قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشقازان يارىسىغا يولۇققان بىمارلارغا روزا تۇتقاندا ئېھتىياتچان بولۇشنى نەسىھەت قىلىمىز.

3. الصيام يساعد على علاج الالتهابات

بعض الدراسات قد أكدت أن الصيام يساعد على شفاء بعض الأمراض من الالتهابات والحساسية كالتهاب المفاصل، والصدفية .

3. روزا تۇتۇش ياللۇغلىنىشلارنى داۋالاشقا ياردەم بېرىدۇ:

بەزى تەتقىقاتلار روزا تۇتۇشنىڭ ياللۇغلىنىش ۋە زىيادە سەزگۈرچانلىقتىن كېلىپ چىققان بوغۇم ياللۇغى، تەڭگە تەمرەتكىگە ئوخشاش بەزى كېسەللىكلەردىن شىپا تېپىشقا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

4. الصيام يساعد على خفض مستويات السكر في الدم

حيث يعمل الصيام على زيادة تكسر الجلوكوز وإنتاج الطاقة للجسم، مما يعمل على خفض إنتاج الإنسولين. وهذا يساعد على راحة البنكرياس، كما يساعد على زيادة إنتاج الجليكوجين لتسهيل عملية تكسر الجلوكوز. وبهذا يساعد الصيام على خفض مستويات السكر في الدم.

4. روزا تۇتۇش قاندىكى شېكەر ماددىسىنىڭ دەرىجىسىنىڭ تۆۋەنلىشىگە ياردەم بېرىدۇ:

ئاشۇ چاغدا روزا تۇتۇش گىلۇكوزا (بەدەندە ساقلىنىدىغان قەنت ماددىسى) نىڭ پارچىلىنىشىنى ئاشۇرىدۇ، بەدەن ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقارغۇزىدۇ.ئەنە شۇ ئىنسۇلىن (ئاشقازان ئاستى بېزى ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان بىر خىل ھورمۇن) نىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى تۆۋەنلىتىدۇ. بۇ ئاشقازان ئاستى بېزىنىڭ ئارام ئېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ، شۇنداقلا گىلۇكوزىنىڭ پارچىلىنىش جەريانىنى قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن گىلىكوگېن (جىگەردە ساقلىنىدىغان قەنت ماددىسى) نىڭ ئىشلىنىشىنىڭ ئېشىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق روزا تۇتۇش قاندىكى شېكەر ماددىسى دەرىجىسىنىڭ تۆۋەنلىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

5. الصيام يساعد على زيادة حرق الدهون

حيث تكون الاستجابة الأولى للجسم أثناء الصيام هي تكسر الجلوكوز. مما يسهل تكسر الدهون لإنتاج الطاقة اللازمة للجسم، وخاصة الدهون المخزنة في الكليتين والعضلات.

5. روزا تۇتۇش ماي ماددىلىرىنىڭ تېخىمۇ خورىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

ئاشۇ چاغدا بەدىنىنىڭ روزا تۇتۇش داۋامىدىكى دەسلەپكى ئىنكاسى گىلۇكوزىنىڭ پارچىلىنىشى بولىدۇ. ئەنە شۇ بەدەنگە لازىملىق ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ماي ماددىلىرىنىڭ بولۇپمۇ ئىككى بۆرەك ۋە مۇسكۇللاردا زاپاس ساقلانغان ماي ماددىلىرىنىڭ پارچىلىنىشىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

6. الصيام مفيد لمرضى ارتفاع ضغط الدم

الصيام هو أحد العلاجات الطبيعية لخفض مستويات ضغط الدم، حيث يساعد على خفض مخاطر الإصابة بتصلب الشرايين. في أثناء الصيام يتم حرق الدهون وتكسير الجلوكوز لإنتاج الطاقة اللازمة للجسم. كما تنخفض معدلات التمثيل الغذائي، تنخفض معدلات الهرمونات كالأدرينالين، مما يساعد على خفض مستويات ضغط الدم.

6. روزا تۇتۇش قان بېسىمى يۇقىرى بىمارلارغا پايدىلىق

روزا تۇتۇش قان بېسىم دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىدىغان نورمال داۋالارنىڭ بىرى. بۇ چاغدا روزا تۇتۇش قان تومۇرلىرى قېتىشقا يولۇقۇش خەتەرلىرىنى تۆۋەنلىتىشكە ياردەم بېرىدۇ. روزا تۇتۇش داۋامىدا ماي ماددىلىرى خورايدۇ، بەدەنگە لازىملىق ئېنېرگىيە ئىشلەپچىرىش ئۈچۈن گىلۇكوزا پارچىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئوزۇقلۇق ھەزىم قىلىش ئوتتۇرىچە نىسبىتى تۆۋەنلەيدۇ، ئادرېنالىن ئوخشاش ھورمۇنلارنىڭ ئوتتۇرىچە نىسبىتى تۆۋەنلەيدۇ، ئەنە شۇ قان بېسىم دەرىجىسىنىڭ تۆۋەنلىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

7. الصيام يحفز خسارة الوزن

الصيام يحفز خسارة الوزن بسرعة. حيث يعمل الصيام على منع تخزين الدهون في الجسم.

7. روزا تۇتۇش ئېغىرلىقنىڭ كېمىيىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

روزا تۇتۇش ئېغىرلىقنىڭ تېز كېمىيىشىگە تۈرتكە بولىدۇ، بۇ چاغدا روزا تۇتۇش ماي ماددىلىرىنىڭ بەدەندە زاپاس ساقلىنىشىنى توسايدۇ.

8. الصيام يعزز العادات الغذائية الصحية

فقد لوحظ أن الصيام يساعد على خفض الشهية تجاه تناول الأطعمة الجاهزة. فبدلا من ذلك، يحفز الصيام الرغبة في تناول الأطعمة الصحية، وخاصة الماء والفواكه.

8. روزا تۇتۇش سالامەتلىككە پايدىلىق ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرىگە ياردەم بېرىدۇ.

روزا تۇتۇشنىڭ تەييار يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە نىسبەتەن ئىشتىھانىڭ تۆۋەنلىشىگە ياردەم بېرىدىغانلىقى، ئاشۇنىڭ بىلەن بىللە روزا تۇتۇش سالامەتلىككە پايدىلىق يېمەكلىكلەرنى بولۇپمۇ سۇ

ۋە مېۋىلەرنى يېيىشكە قىزىقىشقا تۈرتكە بولىدىغانلىقى بايقالدى.

9. الصيام يعزز الجهاز المناعي

فعند اتباع نظام غذائي متوازن بين فترات الصيام، فيساعد ذلك على تعزيز الجهاز المناعي، إزالة سموم الجسم وخفض تخزين الدهون. وعند تناول الفواكه للإفطار، فهذا يساعد على تعزيز المحتوى الغذائي للجسم من الفيتامينات والمعادن. أيضا فيتامين A و Eهي عناصر ممتازة لمضادات الأكسدة، وهي تساعد على تقوية جهاز المناعة أيضا.

9. روزا تۇتۇش ئىممۇنىت ئورگانلىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

روزا تۇتۇش مەزگىللىرى ئارىلىقىدا تەڭپۇڭ بولغان ئوزۇقلۇق تەرتىپىگە رىئايە قىلغاندا، ئاشۇنداق قىلىش بەدەندىكى زەھەرلىك ماددىلارنى يوقۇتۇپ، ئىممۇنىت ئورگانلىرىنى كۈچلەندۈرۈشكە، ماي ماددىلىرىنىڭ ساقلىنىشىنى تۆۋەنلىتىشكە ياردەم بېرىدۇ. ئىپتار قىلىش ئۈچۈن مېۋە يېگەندە، بۇنداق قىلىش بەدەننىڭ ۋىتامىن ۋە نېئورگانىك ماددىلاردىن ئىبارەت بولغان ئوزۇقلۇق تەركىبىنى ۋە يەنە ۋىتامىن ئا ۋە ۋىتامىن ئې تەركىبىنى كۈچلەندۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. بۇلار ئوكسىدلىنىشقا قارشى ياخشى ئېلېمېنتلار، بۇلار يەنە ئىممۇنىت ئورگانلىرىنى كۈچلەندۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

10. الصيام يساعد على التغلب على مشكلات الإدمان

فقد أكد بعض الباحثين أن الصيام يساعد على التغلب على مشكلات الإدمان للنيكوتين والكافيين وغيرها. وعلى الرغم من وجود بعض الأنظمة العلاجية التي تساعد على علاج حالات الإدمان، إلا أن الصيام له دور فعال في مثل تلك الحالات.

10. روزا تۇتۇش خۇمار بولۇش ئىشلىرىنى يېڭىشكە ياردەم بېرىدۇ.

بەزى تەتقىقاتچىلار روزا تۇتۇشنىڭ نىكوتىن، كوفېئىن ۋە باشقىلارغا خۇمار بولۇش ئىشلىرىنى يېڭىشكە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. خۇمار بولۇش ئەھۋاللىرى داۋالاشقا ياردەم بېرىدىغان بەزى داۋالاش تەشكىلاتلىرى بولسىمۇ، لېكىن روزا تۇتۇشنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللاردا ئۈنۈملۈك رولى بار.

على الرغم من تلك الفوائد المتعددة، إلا أنه في بعض الحالات ينبغي استشارة الطبيب قبل الصيام كحالات الحمل، الرضاعة، وقرحة المعدة. فقد يتسبب الصيام في بعض الجفاف مما يؤدي لألام الرأس أو الصداع النصفي.

ئاشۇنداق بىر قانچە پايدىلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئېغىر ئاياق بولۇش، بالا ئېمىتىش، ئاشقازان يارىسىغا ئوخشاش بەزى ئەھۋاللاردا روزا تۇتۇشتىن ئىلگىرى دوختۇردىن مەسلىھەت سوراش لازىم. بەزى قۇرغاقچىلىق مەزگىلىدە روزا تۇتۇش باش ئاغرىقلىرى ياكى باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

عالج نفسك بالصيام

للشفاء أسرار كثيرة وربما من أهمها الشفاء بالصوم، لنتأمل هذه الفوائد الطبية الكثيرة لعبادة الصوم ونحمد الله

تعالى على هذه النعمة ....

سىز ئۆزىڭىزنى روزا تۇتۇش بىلەن داۋالاڭ :

كېسەلدىن شىپا تېپىشنىڭ نۇرغۇن سىرلىرى بار، ئېھتىمال روزا تۇتۇش بىلەن شىپا تېپىش ئاشۇ سىرلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىر بولۇشى مۇمكىن. بىز ئاللاھنىڭ بۇ نېمەتلىرىگە مەدھىيە ئېيتقاچ روزا ئىبادىتىنىڭ تېببىي جەھەتتىكى بۇ پايدىلىرىغا سەپ ـ سالايلى :

في كل عام نستعد لاستقبال شهر رمضان الذي هو خير شهور السنة، وحتى نشعر بلذة هذه العبادة ونُقْبل عليها برغبة، ينبغي أن نتعرف على أسرار هذه العبادة، وأهم الأسرار العلمية للأغذية الأساسية المذكورة في القرآن الكريم. لنبحر معاً ونتأمل هذه الفوائد الرائعة:

بىز ھەر يىلى يىل ئايلىرىنىڭ ئەڭ خەيرلىكى بولغان رامىزان ئېيىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىنىمىز، ھەتتاكى بىز بۇ ئىبادەتنىڭ لەززىتىنى ھېس قىلىمىز، قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىمىز، بىز بۇ ئىبادەتنىڭ سىرلىرى، قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان ئوزۇقلۇق جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئاساسلىق ئىلمىي سىرلىرى بىلەن تونۇشىشىمىز لازىم. بىز بۇ ھەيران قالارلىق مەنپەئەتلەرگە بىرلىكتە چوڭقۇر ئىزدىنىپ سەپ ـ سالايلى :

الاستعداد النفسي للصيام!

إن المؤمن الذي يدرك فوائد الصيام في الدنيا والنعيم الذي ينتظره في الآخرة، فإنه بلا شك يستقبل هذا الشهر بطاقة كبيرة، وحالة نفسية مطمئنة وشوق وتلهف لممارسة الصيام... وهذا يؤدي إلى رفع النظام المناعي لدى المؤمن وبالتالي تحقيق الاستفادة القصوى من الصيام.

روزا تۇتۇشقا روھىي جەھەتتىن تەييارلىنىش

روزا تۇتۇشنىڭ بۇ دۇنيادىكى پايدىلىرىنى ۋە ئاخىرەتتە كۈتۈلىدىغان باياشاتلىقىنى بىلىپ يېتىدىغان مۆمىن كىشى شەكسىز ھالدا بۇ ئاينى زور كۈچ ـ قۇۋۋەت بىلەن خاتىرجەم روھىي ھالەت بىلەن، روزا تۇتۇشقا بولغا سېغىنىش ۋە ئىنتىزار بولۇش بىلەن قارشى ئالىدۇ. بۇ مۆمىن كىشىدىكى ئىممۇنىتېتلىق سىستېمىلارنىڭ يۈكسىلىشىگە، نەتىجىدە روزا تۇتۇشنىڭ ئەڭ زور مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ.

# ھەدىس شەرھىسىنىڭ تەرجىمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر

## كتاب الإيمان[1] (ئىمان ھەققىدە)

6. عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو رَضِىَ اللهُ عَنْهُمَا أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: "أَرْبَعٌ مَنْ كُنَّ فِيهِ كَانَ مُنَافِقًا خَالِصًا وَمَنْ كَانَتْ فِيهِ خَصْلَةٌ مِنْهُنَّ كَانَتْ فِيهِ خَصْلَةٌ مِنَ النِّفَاقِ حَتَّى يَدَعَهَا إِذَا اؤْتُمِنَ خَانَ وَإِذَا حَدَّثَ كَذَبَ وَإِذَا عَاهَدَ غَدَرَ وَإِذَا خَاصَمَ فَجَرَ

**ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مۇنۇ تۆت يامان خىسلەت كىمدە بولىدىكەن، ئۇ ساپ مۇناپىق بولىدۇ، كىمدە ئۇ تۆت يامان خىسلەتتىن بىرى بولىدىكەن، ئۇ تاشلىمىغۇچە ئۇنىڭدا مۇناپىقلىقنىڭ بىر خىسلىتى بولغان بولىدۇ. (بۇ يامان خىسلەتلەر) : ئۇنىڭغا ئامانەت بېرىلسە خىيانەت قىلىدۇ؛ گەپ قىلسىلا يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسىلا خىلاپلىق قىلىدۇ، جېدەللەشسىلا ئېغىزىنى بۇزىدۇ.»**

### المعنى العام (ئومۇمىي مەنىسى)

أربع من خصال السوء، لا تليق بالمسلم الذي يطابق ظاهره باطنه، الذي يتجنب الخداع والمراوغة، أربع تمثل آفة اللسان وآفة النية وآفة الجوارح، أربع من اجتمعت فيه كان منافقا خالصا، تكامل نفاقه، ومن كانت فيه خصلة منها كان فيه ربع النفاق حتى يتركها، فإن تركها إلى غير رجعة، وتجنب العودة إليها تطهر من النفاق. إحداها الكذب في الحديث إذا كثر وأصبح عادة وشأنا في أغلب ما يخبر به، وثانيتها الغدر في العهود والإخلال بالمواثيق والنكث بعد إعطاء الأمان، وعدم الوفاء بالعقود، وثالثتها الخلف في المواعيد وتبييت هذا الخلف، والعزم على عدم الحفاظ عليها، والتهاون فيها، وتعمد الإخلال بها، رابعة الأثافي، وخاتمة السوء وقبيحته، الفجور عند المخاصمة والخروج عن حدود الشرع والآداب عند الاختلاف، ببذاءة في اللسان وخبث في الطوية، ومبالغة وإسراف في الكيد والنكاية والإيذاء.

سىرتقى كۆرۈنۈشى ئىچكى دۇنياسىغا مۇناسىپ كېلىدىغان، ھىيلىگەرلىك ۋە ئالدامچىلىقتىن ساقلىنىدىغان مۇسۇلمان كىشىگە لايىق كەلمەيدىغان تۆت يامان خىسلەت: تىلدىن يېتىدىغان يامانلىق، نىيەتتىن كېلىدىغان يامانلىق، پۇت-قولدىن كېلىدىغان يامانلىقنى ۋەكىللىك قىلىدىغان تۆت يامان خىسلەت؛ كىمدە ئۇلار بىرلىكتە تېپىلسا ئۇ كەم-كۈتسىز ساپ مۇناپىق بولىدىغان، كىمدە ئۇنىڭدىن بىر خىسلەت بولسا ئۇنىڭدا ئۇنى تاشلىمىغۇچە مۇناپىقلىقنىڭ تۆتتىن بىرى بار بولىدىغان، ئەگەر ئۇنى كەلمەسكە تاشلىۋەتسە، ئۇنى قايتىلاشتىن ساقلانسا، مۇناپىقلىقتىن ئادا-جۇدا بولىدىغان

---

① «المنهل الحديث في شرح الحديث» دىن بىرىلدى. بېشى ئالدىنقى سانلاردا.

تۆت يامان خىسلەتنىڭ بىرىنچىسى: سۆزدىكى يالغانچىلىق يەنى ئىپتىلىشى كۆپ بولۇپ قالغان، كۆپىنچە خەۋەر يەتكۈزەلەيدىغان ئىشلاردا ئادەت ۋە ھاجەتكە ئايلىنىپ قالغان چاغدىكى يالغانچىلىق؛ ئىككىنچىسى: ئەھدىدە تۇرماسلىق، توختاملارنى بۇزۇش، بەرگەن كاپالەتتىن يېنىۋېلىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق؛ ئۈچىنچى: كېلىشىپ قويغان ئىشلارغا خىلاپلىق قىلىش، خىلاپلىق قىلىشنى ئويلاش، قىلماسلىق نىيىتىدە بولۇش ۋە ئۇنىڭغا سەل قاراش، ئۇنى بۇزۇشنى مەقسەت قىلىش؛ بىر يۈرۈش يامان ئىشنىڭ تۆتىنچىسى، يامان ئىشنىڭ ئاخىرقىسى ۋە ئۇنىڭ قەبىھ بولغىنى، جېدەللەشكەندە ئېغىزنى بۇزۇش، ئىختىلاپ كۆرۈلگەندە قوپاللىق بىلەن، نىيەتتىكى يامانلىق بىلەن؛ كۆپتۈرۈپ ۋە چەكتىن ئاشۇرۇپ گوللاش، جېلە قىلىش، ئەزىيەت يەتكۈزۈش، ئىسلام دىنى قانۇنى ۋە ئەدەپ ئەخلاق دائىرىسىدىن چەتنەش.

## المباحث العربيّة (ئەرەب تىلى جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەر)

(أربع) المعدود محذوف، يقدر مؤنثا حيث ذكر العدد، أي أربع خصال، أو أربع خلال.

«أَرْبَعٌ» (تۆت) نىڭ سانالغۇچىسى چۈشۈپ قالغان، سان ئەرلىك جىنسىي تۇردە كەلتۈرۈلگەن چاغدا سانالغۇچى ئاياللىق جىنسىي تۇردىكى ئىسىم دەپ قىياس قىلىنىدۇ، يەنى: أَرْبَعُ خِصَالٍ (تۆت يامان خىسلەت) ياكى أَرْبَعُ خِلاَلٍ (تۆت يامان ئادەت)

(كان منافقا خالصا) النفاق لغة مخالفة الظاهر للباطن، وفي الشرع إن كانت المخالفة في اعتقاد الإيمان فهو نفاق الكفر، وهو المقصود عند الإطلاق في القرآن الكريم، وإن كانت المخالفة في أمور الشرع الأخرى فهو نفاق العمل ويقع في القول وفي الفعل وفي الترك، وتتفاوت مراتبه.

«كَانَ مُنَافِقًا خَالِصًا» (ساپ مۇناپىق بولىدۇ) «نِفَاقٌ» (مۇناپىقلىق) نىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى: سىرتقى كۆرۈنۈشىنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن بىردەك بولماسلىقى؛ ئۇنىڭ ئىسلام دىنى قانۇنىدىكى مەنىسى: ئەگەر بىردەك بولماسلىق چىن نىيەتتىن ئىمان ئېيتىشتا بولسا ئۇ كۇپۇرلۇقنى يوشۇرۇش مۇناپىقلىقى (نِفَاقُ الْكُفْرِ) يەنى ئېتىقاد جەھەتتىكى مۇناپىقلىق بولىدۇ. ئۇ قۇرئان كەرىمدە ئاتالغاندىكى كۆزدە تۇتۇلغان مەنا. ئەگەر بىردەك بولماسلىق ئىسلام دىنى قانۇنىدىكى باشقا ئىشلاردا بولسا ئۇ ئەمەل جەھەتتىكى مۇناپىقلىق (نِفَاقُ الْعَمَلِ) بولىدۇ، ئۇ سۆزلىگەندە، بىرەر ئىشنى قىلغاندا ۋە قىلمىغاندا يۈز بېرىدۇ. ئەمەلدىكى مۇناپىقلىقنىڭ دەرىجىلىرىمۇ پەرقلىق بولىدۇ.

(ومن كانت فيه خصلة منهن) الخصلة بفتح الخاء تطلق على الفضيلة والرذيلة، والمراد هنا الرذيلة.

« وَمَنْ كَانَتْ فِيهِ خَصْلَةٌ مِنْهُنَّ» (كىمدە بۇ تۆت يامان خىسلەتتىن بىرى بولىدىكەن) خ ھەرپى پەتھەلىك كەلگەن «خَصْلَةٌ» سۆزى بىلەن ياخشى ئىشمۇ ئاتىلىدۇ، يامان ئىشمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ يەردە ئىرادە قىلىنغىنى يامان ئىش يەنى يامان خىسلەت.

(إذا اؤتمن خان) المؤتمن والمؤتمن عليه محذوفان للتعميم، أي إذا ائتمنه أي أحد على أي شيء من مال أو عرض أو سر، خان الأمانة وتصرف فيها على خلاف الشرع.

«إِذَا أُؤْتُمِنَ خَانَ» (ئۇنىڭغا ئامانەت بېرىلسىلا ئۇ خىيانەت قىلىدۇ)، ئامانەت بېرىلگۈچى ۋە ئامانەت

بىرىلگەن نەرسە ئومۇملۇقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن چۈشۈپ قالغان يەنى: ئۇنىڭغا ھەر قانداق بىر كىشى پۇل ـ مال، ياكى نەرسە كېرەك ياكى مەخپىيەتلىكتىن ئىبارەت ھەر قانداق بىر نەرسىنى ئامانەت قىلسا، ئۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ، ئۇ ئامانەتنى ئىسلام دىنى قانۇنىغا خىلاپ ھالدا ئۆز خاھىشىچە ئىشلىتىدۇ.

(وإذا حدث كذب) المخاطب بالكذب والحديث المكذوب محذوفان للتعميم أيضا، وهذا الأسلوب مع التعبير بـ"إذا" يدل على تكرر الفعل فيكون المقصود من اعتاد ذلك وصار له ديدنا.

«وَإِذَا حَدَّثَ كَذِبَ» ( ئۇ گەپ قىلسىلا يالغان سۆزلەيدۇ) يالغان سۆزلىگۈچى ۋە يالغان ئېيتىلغان سۆزمۇ ئومۇملۇقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن چۈشۈپ قالغان. إذا بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلگەن بۇ جۈملە شەكلى بىر ئىشنى تەكرار قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، شۇڭا كۆزدە تۇتۇلغان مەنا : «كىمكى شۇنداق قىلىشقا ئادەتلەنسە، ۋە يالغان سۆزلەش ئۇنىڭ بىر ئادىتى بولۇپ قالغان بولسا» (بۇنىڭغا ئاساسەن إذا حدث نى «ئەگەر سۆزلىسىلا» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ.)

(وإذا عاهد غدر) يقال: عاهده إذا أعطاه الأمان والموثق، ويقال: غدره وغدر به إذا خانه ولم يف له بما التزم.

«وَإِذَا عَاهَدَ غَدَرَ» (ئۇ ۋەدە قىلسىلا خىلاپلىق قىلىدۇ) بىر كىشى بىر كىشىگە كېپىللىك ۋە ئەھدە بەرگەن چاغدا عَاهَدَهُ (ئۇنىڭغا ۋەدە قىلدى) ـ دېيىلىدۇ . بىر كىشى ۋەدىگە خىلاپلىق قىلسا، ۋەدىگە مۇناسىۋەتلىك زۆرۈر ئىشتا ۋاپادار بولمىسا «غَدَرَهُ وَغَدَرَ بِهِ» (ئەھدىدە تۇرمىدى، خىلاپلىق قىلدى) دېيىلىدۇ .

(وإذا خاصم فجر) الفجور الميل عن الحق، والاتجاه نحو المعصية والخروج عن الحدود الشرعية.

«وَإِذَا خَاصَمَ فَجَرَ» (جىدەللەشسىلا ئېغىزىنى بۇزىدۇ) «فَجَرَ يَفْجُرُ فُجُورًا» ھەققانىيەتتىن يېنىش، گۇناھ ـ مەئسىيەتكە يۈزلىنىش، قانۇنى چەكتىن چەتنەشتۇر.

## فقه الحديث (ھەدىسشۇناسلىق)

في الحديث الصحيح "آية المنافق ثلاث: إذا حدث كذب، وإذا وعد أخلف، وإذا ائتمن خان" فيتحصل من الروايتين خمس خصال، بإضافة الخيانة في الأمانة إلى الأربع، وفي جعل علامة المنافق ثلاثا مرة، وأربعا مرة تعارض، رفعه القرطبي بأنه صلى الله عليه وسلم استجد له من العلم بخصالهم ما لم يكن عنده، فأخبر أولا بالأقل، ثم أخبر بالأكثر، وقال الحافظ ابن حجر، يحتمل أن تكون الثلاث دالات على أصل النفاق، والخصلة الزائدة أو الخصلتان الزائدتان يتم بهما النفاق ويخلص، والأولى أن يقال: إن كل واحدة من الخمس علامة من علامات النفاق، بل الخمس من علامات النفاق، فهي أكثر من ذلك، إذ منها الملق، وإظهار الرضا والإعجاب بالرؤساء مع بغضهم وكراهيتهم، ومنها الرياء في العبادة وغير ذلك، فالمقصود من هذه الخصال المذكورة التنبيه على ما عداها من خصال النفاق، إذ أصل الديانة منحصر في ثلاث: القول والفعل والنية، فنبه على فساد القول بالكذب، وعلى فساد الفعل بالخيانة في الأمانة، والغدر في المعاهدة، وعلى فساد النية بالخلف في الوعد، لأن الخلف في الوعد لا يقدح إلا إذا كان العزم على الخلف مقارنا للوعد، أما لو كان عازما على الوفاء ثم عرض له مانع، أو بدا له رأي فليس من النفاق، ولا شك أن المراد بالوعد المطلوب الوفاء به الوعد بالخير، أما الوعد بالشر فيستحب إخلافه، بل قد يجب إخلافه.

بىر سەھىھ ھەدىستە مۇنداق كەلدى: «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچ: ئەگەر ئۇ سۆزلىسىلا يالغان

www.uyghurkitap.com

ئېيتىدۇ؛ ئەگەر ئۇ ۋەدە قىلسىلا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ئامانەت بېرىلسىلا خىيانەت قىلىدۇ» ئۇ ئىككى رىۋايەتتىن «ئامانەتكە خىيانەت قىلىش» نى تۆت يامان خىسلەتكە قوشۇۋېتىش بىلەن بەش يامان خىسلەت كېلىپ چىقتى. مۇناپىقنىڭ ئالامىتىنى بىر قېتىم ئۈچ، يەنە بىر قېتىم تۆت قىلىشتا ئوخشىماسلىق بار. قۇرتۇبىي بۇ ئوخشىماسلىقنى مۇنداق دەپ ئېلىپ تاشلىدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇناپىقلارنىڭ يامان خىسلەتلىرىنى بىلىپ يېتىشتىن بۇرۇن بىلىپ يېتىلمىگىنى يېڭى بىلىندى، شۇڭا ئالدى بىلەن ئەڭ ئاز يەتكۈزدى كېيىن كۆپرەك بىلەن يەتكۈزدى.» ھاپىز ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېدى: «ئۈچ يامان خىسلەت مۇناپىقلىقنىڭ ئەسلىسىنى كۆرسىتىشى، قوشۇلغان بىر يامان خىسلەت ياكى ئىككى يامان خىسلەت بىلەن مۇناپىقلىق تولۇقلىنىپ ئاخىرلاشقان بولۇشى مۇمكىن.» ئەڭ تېگىشلىك بولغىنى مۇنداق دېيىلىشى: «بەش يامان خىسلەتنىڭ ھەر بىرى مۇناپىقلىقنىڭ بىر ئالامىتى بولۇپلا قالماستىن بۇ بەشى مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ قاتارىدىن.» شۇڭا ئۇ (ئالامەت) لەر ئاشۇنىڭدىن كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى باشلىقلار بىزار بولسىمۇ ۋە ياقتۇرمىسىمۇ ئۇلارغا خۇشامەت قىلىش، مەمنۇنلۇق ۋە ياقتۇرۇشنى ئىپادىلەش ئاشۇ يامان خىسلەتلەرنىڭ جۈملىسىدىن؛ ئىبادەتتە ۋە ئاشۇنىڭدىن باشقىلاردا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ساختىلىق قىلىشمۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن. بۇ تىلغا ئېلىنغان يامان خىسلەتلەردىن كۆزدە تۇتۇلغىنى مۇناپىقلىقنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ باشقا يامان خىسلەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇش. چۈنكى ئەسلى دىنىي ئېتىقاد ئۈچ نەرسە: سۆز، ھەرىكەت، نىيەت بىلەن چەكلىنىلگەن. شۇڭا يالغانچىلىق بىلەن گەپ-سۆزنىڭ بۇزۇلىشىدىن، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ۋە ئەھدە قىلغان ئىشلاردا تۇرماسلىق بىلەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ بۇزۇلىشىدىن، ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق بىلەن نىيەتنىڭ بۇزۇلىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇلدى، چۈنكى ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، خىلاپلىق قىلىش نىيىتىگە كېلىش ۋەدىگە ھەمراھ بولسىلا ئەيىبلىنىدۇ. ئەمما ئۇ (ۋەدە) ئەمەل قىلىشقا ئىرادە قىلىنغان ئىش بولسا، ئاندىن ئۇنىڭغا بىرەر توسالغۇ يەتسە ياكى ئۇنىڭغا بىرەر پىكىر پەيدا بولسا، ئۇ مۇناپىقلىقنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس، ۋاپادار بولۇش تەلەپ قىلىنغان ۋەدىدىن ئىرادە قىلىنغىنى ياخشى ئىشقا ۋەدە قىلىش ئىكەنلىكىدە ھېچبىر شەك يوق؛ ئەمما يامان ئىشقا قىلىنغان ۋەدىگە كەلسەك ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىش ياخشى دەپ قارىلىپلا قالماستىن بەلكى ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىش زۆرۈر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

وأما الكذب في الحديث الذي هو من علامات النفاق فهو الكذب المتعمد الذي يترتب عليه ضرر، أما المبالغة في الوصف أو في الأخبار الماضية مما يخالف الواقع، ولا يترتب عليه ضرر، فهو وإن كان كذبا ينبغي الحذر منه إلا أنه لا يكون به منافقا.

ئەمما مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى بولغان، سۆزلىگەندە يالغان ئېيتىشقا كەلسەك، ئۇ زىيان كېلىپ چىقىدىغان مەقسەتلىك يالغان ئېيتىشتۇر. ئەمما كۆپتۈرۈپ سۈپەتلەش ياكى ئۆتۈپ كەتكەن خەۋەرلەردە مۇبالىغە قىلىش رېئاللىققا ئۇيغۇن بولمىغان ئىشلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭدىن زىيان كېلىپ چىقمايدۇ. شۇڭا ئۇ - يالغان بولسىمۇ- ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك، لېكىن ئۇ ئۇنىڭ بىلەن مۇناپىق بولمايدۇ.

وأما الغدر في المعاهدة فهو قبيح مذموم عند كل أمة، وهو حرام باتفاق سواء كان في حق المسلم أو الذمي، وقد أمر الله المسلمين بالوفاء بعهدهم للمشركين فقال: ﴿إِلاَّ الَّذِينَ عَاهَدْتُّم مِنَ الْمُشْرِكِينَ ثُمَّ لَمْ يَنْقُصُوكُمْ شَيْئًا وَلَمْ يُظَاهِرُوا عَلَيْكُمْ أَحَدًا فَأَتِمُّوا إِلَيْهِمْ عَهْدَهُمْ إِلَى مُدَّتِهِمْ إِنَّ اللهَ يُحِبُّ الْمُتَّقِينَ﴾

ئەمما ۋەدە قىلغان ئىشلارغا خىلاپلىق قىلىش بولسا ھە بىر مىللەتتە ئەيىبلىنىدىغان قەبىھ ئىش. ئۇ مەيلى مۇسۇلمانىنىڭ ھەققىدە بولسۇن ياكى زىممىي (كاپالەت بېرىلگەن كىشى) نىڭ ھەققىدە بولسۇن بىردەك قاراش بىلەن چەكلىنىلگەن. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى مۇشرىكلار بىلەن قىلغان ۋەدىسگە ۋاپا قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى:﴿ئەمما، مۇشرىكلار ئىچىدىكى سىلەر بىلەن بىر كېلىشىم تۈزگەن، كېلىشىمگە ھېچقانداق خىلاپلىق قىلمىغان. سىلەرگە قارشى تۇرىدىغان ھېچقانداق ئادەمگە ياردەم بەرمىگەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار بىلەن تۈزگەن بۇ كېلىشىمگە ئۇنىڭ ۋاقتى توشقانغا قەدەر رىئايە قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى ئاللاھ تەقۋادارلارنى دوست تۇتىدۇ﴾

وأما المخاصمة فهي على ثلاثة أحوال: مخاصمة للوصول إلى حق ومخاصمة للوصول إلى غير حق، أي إلى حق الغير، ومخاصمة بغير علم فالمخاصمة للوصول إلى حق، الأولى تركها، حيث أمكن الوصول إلى الحق بغيرها، لأنها تشوش الخاطر، وتوغر الصدر، وفيها تفويت لطيب الكلام ولين الخلق. والمخاصمة للوصول إلى حق الغير هي المقصودة في الحديث، والمخاصمة بغير علم مذمومة لما فيها من الأضرار الكثيرة.

ئەمما جېدەللىشىشكە كەلسەك ئۇ ئۈچ خىل ئەھۋالدا بولىدۇ؛ ھەق بىر ئىشقا ئېرىشىش ئۈچۈن جېدەللىشىش؛ ھەق بولمىغان ئىشقا، يەنى باشقىلارنىڭ ھەققىگە ئېرىشىش ئۈچۈن جېدەللىشىش؛ بىلمەستىن جېدەللىشىش. ھەق بىر ئىشقا ئېرىشىش ئۈچۈن جېدەللىشىشتە، جېدەللەشمەستىن شۇ ھەق ئىشتا ئېرىشىش مۇمكىن بولغان چاغدا ئۇ جېدەللىشىشنى تاشلاش ياخشىراق، چۈنكى جېدەللىشىش كۆڭۈل ـ خاتىرنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ، ئىچىنى ئۆرتىتىدۇ، ئۇنىڭدا سۆزدە ياخشى، مىجەزى يۇمشاق بولغۇچىدىن يۈرسەتنى كەتكۈزۈپ قويۇش بار. باشقىلارنىڭ ھەققىگە ئېرىشىش ئۈچۈن جېدەللىشىش ھەدىستە كۆز تۇتۇلغىنى. بىلمەستىن جېدەللىشىشتە نۇرغۇن زىيانلىق ئىشلار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئەيىبلىنىدىغان بىر ئىش.

وأما الخيانة في الأمانة فهي حرام باتفاق، سواء أكانت الأمانة بين العبد وربه كالفرائض، أو بين الناس بعضهم بعضا.

ئامانەتكە خىيانەت قىلىشقا كەلسەك، مەيلى ئۇ بەندە بىلەن ئۇنىڭ رەببى ئوتتۇرىسىدىكى پەرز ئىبادەتلەرگە ئوخشاش ئامانەت بولسۇن مەيلى كىشىلەرنىڭ بەزىسى بىلەن بەزىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئامانەت بولسۇن بىردەك قاراش بىلەن چەكلەنگەن.

هذا، والمراد من النفاق في الحديث نفاق العمل، فلا يقال: إن هذه الخصال توجد في المسلم المصدق، إذ المراد أن هذه الخصال خصال نفاق، وصاحبها شبيه بالمنافقين الذين يبطنون الكفر ويظهرون الإيمان وفي ذلك تحذير وتخويف من هذه الصفات الذميمة.

ئەمدى، ھەدىستىكى مۇناپىقلىقتىن ئىراده قىلىنغىنى ئەمەل جەھەتتىكى مۇناپىقلىق. شۇڭا بۇ خىسلەتلەر راستچىل دەپ ئىشەنگىلى بولىدىغان مۇسۇلماندا بولىدۇ، ـ دېيىلمەيدۇ. چۈنكى كۆزدە

تۇتۇلغىنى ـ بۇ خىسلەتلەر مۇناپىقلىقنىڭ خىسلەتلىرى ئىكەنلىكى ؛ بۇنداق خىسلەتكە ئىگە بولغۇچى كاپىرلىقنى يوشۇرىدىغان، ئىمان ئېيتقانلىقنى ئاشكارىلايدىغان مۇناپىقلارغا ئوخشاش ئىكەنلىكىدۇر. ئاشۇنداق بولۇشىدا ئەيىبلەشكە تېگىشلىك بۇ سۈپەتلەردىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە چۆچۈتۈش بار.

## أَسْئِلَةٌ (سوئاللار)

1. اشرح الحديث، محذرا من هذه الصفات القبيحة، مبرزا أثر ارتكابها في إفساد المجتمع.

1. بۇ قەبىھ سۈپەتلەردىن ئاگاھلاندۇرغان، ئۇنى سادىر قىلىشنىڭ جەمئىيەتنى چىرىتىشكە بولغان تەسىرىنى گەۋدىلەندۇرگەن ھالدا ھەدىسنى چۈشەندۈرۈڭ.

2. بين تمييز العدد "أربع" وما هو النفاق في اللغة؟ وما هو الشرع؟ وعلى أي معنييه جاء تعبير القرآن؟

2. «أربع» سانىنىڭ پەرقلەندۈرگۈچىسىنى بايان قىلىڭ؛ «مۇناپىقلىق» نىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى نىمە؟ ئۇنىڭ ئىسلام دىنى قانۇنىدىكى مەنىسى نىمە؟ قۇرئان كەرىمدە ئىپادىلىنىشى ئۇ ئىككى مەنىنىڭ قايسىسى ئاساسىدا كەلدى؟

3. ما هي الخصلة في الأصل؟ وما المراد منها هنا؟

3. خىسلەتنىڭ ئەسلىي مەنىسى نىمە؟ بۇ يەردە ئۇنىڭدىن ئىرادە قىلىنغان مەنىسى نىمە؟

4. ماذا أفاد حذف المفعولين في "إذا حدث كذب"؟ وكيف تأخذ التكرار من هذا الأسلوب؟

4. «إذا حدث كذب» دە ئىككى تولدۇرغۇچىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى نىمە ئىپادىلەيدۇ؟ سىز بۇ جۈملە شەكلىدىن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تەكرارلىنىشىنى قانداق قوبۇل قىلىسىز؟

5. ذكرت بعض الروايات علامات أخرى للمنافق. فماذا تعرف منها؟

5. بەزى رىۋايەتلەر مۇناپىقنىڭ باشقا ئالامەتلىرىنى تىلغا ئالدى، ئۇلاردىن نىمىنى بىلىسىز؟

6. هل العلامات مقصورة على ما ذكر؟ أو يقاس عليها؟ وضح ما تقول مع التمثيل.

6. ھېلىقى ئالامەتلەر تىلغا ئېلىنغانلىرى بىلەنلا چەكلىنىلگەنمۇ ياكى ئۇلارغىمۇ ئۆلچەم قىلىنامدۇ؟ دېمەكچى بولغىنىڭىزنى مىسال كەلتۈرۈش بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

7. بعض الأحاديث جعلت العلامات ثلاثا، وبعضها جعلتها أربعا، فماذا قال العلماء في التوفيق؟ وبماذا توفق أنت؟

7. بەزى ھەدىسلەر ئالامەتلەرنى ئۈچ قىلدى، بەزىلىرى تۆت قىلدى، ئالىملار ماسلاشتۇرۇش ھەققىدە نىمە دېدى؟ سىز نىمە بىلەن ماسلاشتۇرىسىز؟

8. متى يكون الخلف في الوعد نفاقا؟ وما المراد بالكذب الذي جعل علامة؟

8. ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش قانداق چاغدا مۇناپىقلىق بولىدۇ؟ بىر ئالامەت قىلىنغان يالغان ئېيتىشتىن ئىرادە قىلىغىنى نىمە؟

9. هل يدخل في الحديث معاهدات المشركين؟ وجه ما تقول.

9. ھەدىسنىڭ تەركىبىگە مۇشرىكلار بىلەن تۈزگەن كېلىشىملەر كىرەمدۇ؟ دېمەكچى بولغىنىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ.

10. المخاصمات أنواع. اذكر ما تعرفه مع بيان الحكم الشرعي، وبين الأمانات الواجب حفظها.

10. جېدەللىشىشلەر بىر قانچە خىل، سىز ئىسلام دىنى قانۇنىي جەھەتتىكى ھۆكۈمنى بايان قىلىش بىلەن بىلگەنلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ، ساقلاش زۆرۈر بولغان ئامانەتلەرنى بايان قىلىڭ.

## شَرْحُ الْكَلِماتِ

أَرْبَعٌ / أَرْبَعٌ مِنْ خِصَالِ السُّوءِ　　　توٓت يامان خىسلەت

اَلْمُنَافِقُ / اَلَّذِى اِنْتَفَى عِنْدَهُ التَّصْدِيقُ الْقَلْبِيُّ مَعَ تَظَاهُرِهِ بِالْإِقْرَارِ بِلِسَانِهِ وَبِالْعَمَلِ الصَّالِحِ

مۇناپىق: تىلى بىلەن ئېتىراپ قىلغاندەك، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ ئۆزىدە چىن قەلبتىن ئىشىنىش بولمىغان كىشى.

خَالِصٌ / صَافٍ، نَقِيٌّ　　　ساپ

خَالِصٌ / صِرْفٌ، مَحْضٌ　　　بىر نەرسە ئارىلاشمىغان، ساپ؛ تولۇق

مُنَافِقٌ خَالِصٌ　　　ساپ مۇناپىق، تولۇق مۇناپىق

خَصْلَةٌ ج خِصَالٌ / صِفَةٌ فِي أَخْلاَقِ النَّاسِ حَسَنَةً كَانَتْ أَوْ سَيِّئَةً، خَيْرًا أَوْ شَرًّا

خىسلەت (ئىنسان خۇلۇقىدىكى ياخشى ياكى يامان خۇسۇسىيەت)

خَصْلَةٌ / تُطْلَقُ عَلَى الْفَضِيلَةِ وَالرَّذِيلَةِ وَالْمُرَادُ هُنَا الرَّذِيلَةُ

خىسلەت: ياخشى خۇلق ۋە ناچار خۇلۇققا قارىتا ئىشلىتىلىدۇ، بۇ يەردە ئىرادە قىلىنغىنى ناچار خۇلق

نِفَاقٌ = مُنَافِقَةٌ / فِعْلُ الْمُنَافِقِ　　　مۇناپىقلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك

نِفَاقٌ / سَتْرُ الْكُفْرِ بِالْقَلْبِ وَإِظْهَارُ الْإِيمَانِ بِاللِّسَانِ

مۇناپىقلىق، كۇپىرنى كۆڭلىدە يوشۇرۇش ، ئىمان ئېتقانلىقنى تىلىدا ئاشكارىلاش

وَدَعَ يَدَعُ وَدْعًا الشَّيْءَ / تَرَكَهُ　　　تاشلىدى، تەرك ئەتتى

اِئْتَمَنَ فُلاَنًا عَلَى الشَّيْءِ / جَعَلَهُ أَمِينًا عَلَيْهِ　　　...گە ...نى ئامانەت قويدى، ساقلاشقا ھاۋالە قىلدى

أُؤْتُمِنَ عَلَى الشَّيْءِ　　　...غا بىر نەرسە ئامانەت قويۇلدى

مُؤْتَمِنٌ　　　ئامانەت قويغۇچى

مُؤْتَمَنٌ　　　ئامانەت قويۇلغۇچى

مُؤْتَمَنٌ عَلَيْهِ　　　ئامانەت قويۇلغان نەرسە

خَانَ يَخُونُ خَوْنًا وَخِيَانَةً الْعَهْدَ / نَقَضَهُ　　　ئەھدىدە تۇرمىدى، بۇزدى

خَانَ الْأَمَانَةَ / لَمْ يُؤَدِّهَا　　　ئامانەتنى تاپشۇرمىدى، خىيانەت قىلدى

خَانَ صَدِيقَهُ / غَدَرَ بِهِ　　　دوستىنى ئالدىدى، خائىنلىق قىلدى

حَدَّثَهُ الشَّيْءَ / خَبَّرَهُ　　　...گە ...نى سۆزلەپ بەردى، خەۋەر قىلدى

عَاهَدَهُ / أَعْطَاهُ عَهْدًا　　　...گە ئەھدە بەردى، ۋەدە قىلدى

غَدَرَ يَغْدُرُ غَدْرًا فُلاَنًا / نَقَضَ عَهْدَهُ　　　خىلاپلىق قىلدى، ۋاپا قىلمىدى

خَاصَمَهُ / جَادَلَهُ وَنَازَعَهُ　　　جېدەللەشتى

فَجَرَ يَفْجُرُ / فُجُورًا الرَّجُلُ / قَالَ غيرَ الْحَقِّ　　　ناھەق گەپ قىلدى، ئېغىزىنى بۇزدى

### المعنى العامّ

لاَقَ يَلِيقُ بِهِ الثَّوْبُ / كَانَ لاَئِقًا بِهِ، نَاسَبَهُ　　　مۇناسىپ كەلدى، لايىق كەلدى

رَاوَغَهُ / خَادَعَهُ　　　ئالدىدى، گوللىدى

| | |
|---|---|
| مُرَاوَغَةٌ | ئالدامچىلىق |
| خِدَاعٌ / مَكْرٌ وحِيلَةٌ وَغِشٌّ | ھىيلىگەرلىك، مەككارلىق |
| مَثَّلَ شَخْصًا فِي حَفْلَةٍ / نَابَ مَنَابَهُ فِيهَا | ئورنىنى ئالدى، ۋەكىللىك قىلدى |
| آفَةُ اللِسَانِ | تىلدىن كېلىدىغان يامانلىق |
| جَارِحَةٌ ج جَوَارِحُ / عُضْوٌ عَامِلٌ من أَعْضَاءِ الْجَسَدِ | پۇت ـ قول، مۇچە |
| آفَةُ الْجَوَارِحِ | پۇت ـ قولدىن يېتىدىغان يامانلىق |
| مُنَافِقٌ خَالِصٌ تَكَامَلَ نِفَاقِهِ | كەم ـ كۇتسىز ساپ مۇناپىق |
| رُبُعُ النِّفَاقِ | مۇناپىقلىقنىڭ تۆتتىن بىرى |
| إِلَى غَيْرِ رَجْعَةٍ | كەلمەسكە، قايتماسقا |
| اَلْعَوْدَةُ إِلَيْهَا | ئۇ (يامان خىسلەت) نى قايتىلاش، تەكرارلاش |
| تَطَهَّرَ مِنَ النِّفَاقِ / تَنَزَّهَ عَنْهُ | مۇناپىقلىقتىن پاك بولدى، ئادا ـ جۇدا بولدى |
| فِي أَغْلَبِ مَا يُخْبَرُ بِهِ | كۆپىنچە خەۋەر يەتكۈزۈلىدىغان ئىشلار |
| أَصْبَحَ عَادَةً وَشَأْنًا | ئادەت ۋە ھاجەتكە ئايلىنىپ قالدى |
| اَلْغَدَرُ فِي الْعُهُودِ | ئەھدە قىلغان ئىشلاردا تۇرماسلىق |
| اَلإِخْلَالُ بِالْمَوَاثِيقِ | توختام، كېلىشىملەرنى بۇزۇش |
| اَلنَّكْثُ بَعْدَ إِعْطَاءِ الأَمَانِ | بەرگەن پاكالەتتىن يېنىۋېلىش |
| عَدَمُ الْوَفَاءِ بِالْعُقُودِ | ۋەدىگە ۋەپا قىلماسلىق |
| اَلْخُلْفُ فِي الْمَوَاعِيدِ | كېلىشىپ قويغان ئىشلارغا خىلاپلىق قىلىش |
| بَيَّتَ رَأْيَهُ / فَكَّرَ فِيهِ | ئويلىدى، كويىدا بولدى |
| تَبْيِيتُ هَذَا الْخُلْفِ | مۇشۇنداق خىلاپلىق قىلىش كويىدا بولۇش |
| اَلْعَزْمُ عَلَى عَدَمِ الْحِفَاظِ عَلَيْهَا | ئۇ (كېلىشىپ قويغان ئىشلار) غا ئەمەل قىلماسلىق نىيىتىدە بولۇش |
| اَلتَّهَاوُنُ فِيهَا | ئۇنىڭغا سەل قاراش |
| تَعَمُّدُ الإِخْلَالِ بِهَا | ئۇنى بۇزۇشنى مەقسەت قىلىش |
| أُثْفِيَّةٌ ج أَثَافِيُّ / أَحَدُ أَحْجَارٍ ثَلاثَةٍ تُوضَعُ عَلَيْهَا الْقِدْرُ | قازان ئېسىلغان ئۈچ تاشتىن بىرى |
| رَمَاهُ بِثَالِثَةِ الأَثَافِيِّ | گۇناھنىڭ چوڭىنى ئۇنىڭغا دۆڭگىدى |
| رَابِعَةُ الأَثَافِيِّ | بىر يۈرۈش يامان ئىشنىڭ تۆتىنچىسى |
| خَاتِمَةُ السُّوءِ وَقَبِيحَتُهُ | يامان ئىشنىڭ ئاخىرقىسى ۋە قەبىھ بولغىنى |
| اَلْفُجُورُ عِنْدَ الْمُخَاصَمَةِ | جىدەللەشكەندە ئېغىزنى بۇزۇش |
| اَلْخُرُوجُ عَنْ حُدُودِ الشَّرْعِ | ئىسلام دىنى قانۇنى دائىرىسىدىن چەتنەش |
| بَذُؤَ يَبْذُؤُ بَذَاءَةً / أَتَى بِالْفَاحِشِ الْقَبِيحِ مِنَ الْكَلَامِ | قەبىھ سۆز قىلدى، سەت گەپ قىلدى |
| بَذَاءَةٌ فِي اللِّسَانِ | تىلدىكى بىزەپلىك، قوپاللىق، قەبىھلىك |
| طَوِيَّةٌ / ضَمِيرٌ. نِيَّةٌ | ئىچكى دۇنيا، نىيەت |
| خُبْثٌ فِي الطَّوِيَّةِ | نىيەتتىكى يامانلىق |

مُبَالَغَةٌ وَإِسْرَافٌ فِي الْكَيْدِ وَالنِّكَايَةِ وَالْإِيذَاءِ كۆپتۇرۇپ ۋە چەكتىن ئاشۇرۇپ گوللاش، جىلە قىلىش، ئەزىيەت يەتكۈزۈش

## اَلْمَبَاحِثُ الْعَرَبِيَّةُ

| | |
|---|---|
| اَلْمَعْدُودُ | سانالغۇچى |
| حَيْثُ ذُكِّرَ الْعَدَدُ | سان ئەرلىك جىنسىي تۇردە كەلتۈرۈلگەن چاغدا |
| خَلَّةٌ ج خِلاَلٌ / خَصْلَةٌ . عَادَةٌ | خىسلەت، ئادەت |
| لُغَةً / فِي اللُّغَةِ | ...نىڭ لۇغەتتىكى (مەنىسى) |
| فِي الشَّرْعِ | ...نىڭ ئىسلام دىنى قانۇنىدىكى (مەنىسى) |
| مُخَالَفَةُ الظَّاهِرِ لِلْبَاطِنِ | سىرتقى كۆرۈنۈشنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن بىردەك بولماسلىقى |
| اِعْتِقَادُ الْإِيمَانِ | چىن نىيەتتىن ئىمان ئېيتىش |
| نِفَاقُ الْكُفْرِ | كۇپۇرلۇقنى يوشۇرۇش مۇناپىقلىقى، ئېتىقاد جەھەتتىكى مۇناپىقلىق |
| نِفَاقُ الْعَمَلِ | ئەمەل جەھەتتىكى مۇناپىقلىق |
| لِلتَّعْمِيمِ | ئومۇملۇقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ھەممىگە ئام قىلىش ئۈچۈن |
| عَرْضٌ ج عُرُوضٌ / مَتَاعٌ | نەرسە كېرەك |
| تَصَرَّفَ فِي الْأَمْرِ / اِحْتَالَ وَتَقَلَّبَ فِيهِ | ئۆز ئىختىيارىچە ئورۇنلاشتۇردى، ئىشلەتتى |
| دَيْدَنٌ / عَادَةٌ وَدَأْبٌ | ئادەت |
| وَلَمْ يَفِ لَهُ بِمَا الْتَزَمَ | ئۇ (ۋەدە) گە مۇناسىۋەتلىك زۆرۈر بولغان ئىشتا ۋاپادار بولمىدى |
| اِذَا أَعْطَاهُ الْأَمَانَ وَالْمَوْثِقَ | ئۇنىڭغا كېپىللىك ۋە ئەھدە بەرگەن چاغدا |

### فقه الحديث

| | |
|---|---|
| تَحَصَّلَ مِنَ النِّقَاشِ كَذَا / أُسْتُخْلِصَ | تالاش تارتىشتىن ...خۇلاسە چىقىرىلدى، كېلىپ چىقتى |
| تَعَارُضٌ / تَنَاقُضٌ. تَنَافُرٌ. تَبَايُنٌ. عَدَمُ تَوَافُقٍ | قارشىلىق، چىقىشالماسلىق، ئوخشىماسلىق |
| رَفَعَ الْعُقُوبَةَ / أَزَالَهَا | جازانى ئېلىپ تاشلىدى |
| رَفَعَهُ الْقُرْطُبِيُّ بِأَنَّ ... | قۇرتۇبىي ئۇ (ئوخشىماسلىق) نى ... دەپ ئېلىپ تاشلىدى |
| اِسْتَجَدَّ الشَّيْءُ / صَارَ جَدِيدًا | يېڭى بولدى، يېڭى بىلىندى |
| خَلَصَ يَخْلُصُ خُلُوصًا / اِنْتَهَى | ئاخىرلاشتى |
| وَالْأَوْلَى أَنْ يُقَالَ : إِنَّ ... | ئەڭ تېگىشلىك بولغىنى ... دېيىلىشى |
| مَلَقٌ | خۇشامەت قىلىش، خۇشامەت |
| أَصْلُ الدِّيَانَةِ | ئەسلى دىنىي ئېتىقاد |
| مُنْحَصِرٌ فِي ثَلاَثٍ / مَحْصُور . مُقَيَّدٌ | ئۈچ نەرسە بىلەن چەكلىنىلگەن |
| قَدَحَ يَقْدَحُ قَدْحًا فِيهِ / ذَمَّهُ | ئەيىبلىدى |
| قَارَنَ فُلاَنًا / صَاحَبَهُ وَاقْتَرَنَ بِهِ | ھەمراھ بولدى، بىللە بولدى |
| مُقَارِنٌ لِلْوَعْدِ | ۋەدىگە ھەمراھ بولغان، بىللە بولغان |
| عَرَضَ لَهُ مَانِعٌ | ئۇنى بىرەر توسالغۇ توستى، ئۇنىڭغا بىرەر توسالغۇ يەتتى |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| بَدَا له رَأْيٌ | ئۇنىڭدا بىرەر پىكىر پەيدا بولدى، ئۇنىڭغا بىر پىكىر كەلدى |
| اَلْكِذْبُ الْمُتَعَمَّدُ | مەقسەتلىك يالغان ئېيتىش |
| تَرَتَّبَ عَلَيْهِ كَذَا / نَتَجَ عَنْهُ | ...دىن ... كېلىپ چىقتى |
| يَتَرَتَّبُ عَلَيْهِ ضَرَرٌ | ئۇنىڭدىن زىيان كېلىپ چىقىدۇ |
| اَلْمُبَالَغَةُ فِي الْوَصْفِ | كۆپتۈرۈپ سۈپەتلەش |
| اِلاَّ أَنَّهُ ... | لېكىن ئۇ ... |
| بِاتِّفَاقٍ / بِاتِّفَقِ ا الآرَاءِ / بِالْإِجْمَاعِ | بىردەك قاراش بىلەن |
| اَلذِّمِّيُّ / اَلَّذِى أُعْطِيَ الذِّمَّةَ أَىْ الْأَمَانَ يعنى الَّذِى أُمِّنَ عَلَى مالِهِ وَعَرَضِهِ ودَمِهِ فَأَعْطَى الْجِزْيَةَ | زىممىي، كاپالەت بېرىلگەن كىشى (كاپالەت بېرىلگەن كىشى يەنى مال ـ مۈلۈكى، نەرسە ـ كېرەكلىرى، جان ـ قېنىغا كاپالەت بېرىلگەن، جىزيە تۆلەيدىغان كىشى) |
| اَلْأُولَى تَرْكُهَا | ئۇنى تاشلاش ياخشىراق |
| حَيْثُ أَمْكَنَ الوُصُولُ إِلَى الْحَقِّ بِغَيْرِهَا | جىدەللەشمەستىن ھەق ئىشقا ئېرىشىش مۇمكىن بولغان چاغدا |
| تُشَوِّشُ الْخَاطِرَ | كۆڭۈل ـ خاتىرىسىنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ |
| تُوغِرُ الْصَدْرَ | ئىچىنى ئۆرتىتىدۇ |
| فَوَّتَهُ الْأَمْرُ / جَعَلَهُ يَفُوتُه | بىر ئىش ...دىن پۇرسەتنى كەتكۈزدى |
| طَيِّبُ الْكَلَامِ | گەپ ـ سۆزى ياخشى، يېقىملىق بولغۇچى |
| لَيِّنُ الْخُلْقِ | مىجەزى يۇمشاق، مۇلايىم بولغۇچى |
| بِغَيْرِ عِلْمٍ | بىلمەستىن |
| اَلْمُسْلِمُ الْمُصَدَّقُ | راستچىل دەپ ئىشەنگىلى بولىدىغان مۇسۇلمان |
| أَبْطَنَ الشَّيْءَ / أَخْفَاهُ | يوشۇردى |
| تَحْذِيرٌ / تَنْبِيهٌ | ئاگاھلاندۇرۇش |
| تَخْوِيفٌ / إِرْهَابٌ | قورقۇتۇش، چۆچۈتۈش |
| اَلصِّفَاتُ الذَّمِيمَةُ | ئەيىبلەشكە تېگىشلىك سۈپەتلەر، خۇسۇسىيەتلەر |

## اَلْأَسْئِلَةُ

| | |
|---|---|
| ... مُحَذِّرًا مِنْ ... مُبَرِّزًا | ...دىن ئاگاھلاندۇرغان، ...نى گەۋدىلەندۈرگەن ھالدا |
| أَثَرُ ارْتِكَابِهَا فِي ... | ئۇنى ئۆتكۈزۈش (سادىر قىلىش) نىڭ ...گە بولغان تەسىرى |
| تَمْيِيزُ الْعَدَدِ "أَرْبَع" | «أَرْبَع» سانىنىڭ پەرقلەندۈرگۈچىسى |
| عَلَى أَيِّ مَعْنَيَيْهِ | ئۇنىڭ ئىككى مەنىسىنىڭ قايسىسىدا |
| التَّكْرَارُ / تَكْرَارُ الْفِعْلِ | ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تەكرارلىنىشى |
| مَقْصُورَةٌ عَلَى ... | ....بىلەن چەكلىنىلگەن |
| يُقَاسُ عَلَيْهَا | ئۇلار ئۆلچەم قىلىندۇ |
| مَعَ التَّمْثِيلِ | مىسال كەلتۈرۈش بىلەن |

## دُعَاءُ خَتْمِ الْقُرْآنِ الْكَرِيمِ

# «قۇرئان كەرىم» نىڭ خەتمە دۇئاسى

اَلْحَمْدُ للهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ وَالْعَاقِبَةُ لِلْمُتَّقِينَ وَلاَعُدْوَانَ اِلاَّ عَلَى الظَّالِمِينَ وَالصَّلاَةُ وَالسَّلاَمُ عَلَى رَسُولِنَا مُحَمَّدٍ وآلِهِ وَصَحْبِهِ أَجْمَعِينَ رَبَّنَا تَقبَّلْ مِنَّا اِنَّكَ أَنْتَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ ؛ وَتُبْ عَلَيْنَا يَا مَوْلاَنَا اِنَّكَ أَنْتَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ ؛ وَاهْدِنَا وَوَفِّقْنَا اِلَى الْحَقِّ وَاِلَى طَرِيقٍ مُسْتَقِيمٍ ؛ بِبَرْكَةِ الْقُرْآنِ الْعَظِيمِ وَبِحُرْمَةِ مَنْ أَرْسَلْتَهُ رَحْمَةً لِلْعَالَمِينَ ؛ وَاعْفُ عَنَّا يَا كَرِيمُ ؛ وَاعْفُ عَنَّا يَا رَحِيمُ ؛ وَاغْفِرْلَنَا ذُنُوبَنَا بِفَضْلِكَ وَكَرَمِكَ يَا أَكْرَمَ الْأَكْرَمِينَ ؛ اللّٰهُمَّ زَيِّنَّا بِزِينَةِ الْقُرْآنِ ؛ وَأَكْرِمْنَا بِكَرَامَةِ الْقُرْآنِ ؛ وَشَرِّفْنَا بِشَرَافَةِ الْقُرْآنِ ؛ وَأَدْخِلْنَا الْجَنَّةَ بِشَفَاعَةِ الْقُرْآنِ ؛ وَعَافِنَا مِنْ كُلِّ بَلاَءِ الدُّنْيَا وَعَذَابِ الْآخِرَةِ بِحُرْمَةِ الْقُرْآنِ ؛ وَارْحَمْ جَمِيعَ أُمَّةِ سَيِّدِنَا مُحَمَّدٍ يَارَحِيمُ يَا رَحْمٰنُ ؛ اللّٰهُمَّ اجْعَلِ الْقُرْآنَ لَنَا فِي الدُّنْيَا قَرِينًا وَفِي الْقَبْرِ مُونِسًا وَفِي الْقِيَامَةِ شَفِيعًا وَعَلَى الصِّرَاطِ نُورًا وَاِلَى الْجَنَّةِ رَفِيقًا ؛ وَمِنَ النَّارِ سِتْرًا وَحِجَابًا ؛ وَاِلَى الْخَيْرَاتِ كُلِّهَا دَلِيلًا وَاِمَامًا بِفَضْلِكَ وَجُودِكَ وَكَرَمِكَ يَا كَرِيمُ ؛ اللّٰهُمَّ اهْدِنَا بِهِدَايَةِ الْقُرْآنِ ؛ وَنَجِّنَا مِنَ النِّيْرَانِ بِكَرَامَةِ الْقُرْآنِ ؛ وَارْفَعْ دَرَجَاتِنَا بِفَضِيلَةِ الْقُرْآنِ ؛ وَكَفِّرْ عَنَّا سَيِّئَاتِنَا بِتِلاَوَةِ الْقُرْآنِ؛ يَاذَا الْفَضْلِ وَالْاِحْسَانِ ؛ اللّٰهُمَّ طَهِّرْ قُلُوبَنَا ؛ وَاسْتُرْ عُيُوبَنَا ؛ وَاشْفِ مَرْضَانَا ؛ وَاقْضِ دُيُونَنَا وَبَيِّضْ وُجُوهَنَا وَارْفَعْ دَرَجَاتِنَا؛ وَارْحَمْ آبَاءَنَا ؛ وَاغْفِرْ أُمَّهَاتِنَا؛ وَأَصْلِحْ دِينَنَا وَدُنْيَانَا ؛ وَشَتِّتْ شَمْلَ أَعْدَائِنَا ؛ وَاحْفَظْ أَهْلَنَا وَأَمْوَالَنَا وَبِلاَدَنَا مِنْ جَمِيعِ الْآفَاتِ وَالْأَمْرَاضِ وَالْبَلاَيَا وَثَبِّتْ أَقْدَامَنَا وَانْصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ ؛ بِحُرْمَةِ الْقُرْآنِ الْعَظِيمِ ؛ اللّٰهُمَّ بَلِّغْ ثَوَابَ مَا قَرَأْنَاهُ وَنُورَ مَا تَلَوْنَاهُ اِلَى رُوحِ سَيِّدِنَا مُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَاِلَى أَرْوَاحِ جَمِيعِاِخْوَانِهِ مِنَ الْأَنْبِيَاءِ وَالْمُرْسَلِينَ ؛ صَلَوَاتُ اللهِ وَسَلاَمُهُ عَلَيْهِمْ أَجْمَعِينَ ؛ وَاِلَى أَرْوَاحِ آلِهِ وَأَوْلاَدِهِ وَأَزْوَاجِهِ وَأَصْحَابِهِ وَأَتْبَاعِهِ وَجَمِيعِ ذُرِّيَّاتِهِ رِضْوَانُ اللهِ تَعَالَى عَلَيْهِمْ أَجْمَعِينَ ؛ وَاِلَى أَرْوَاحِ آبَائِنَا وَأُمَّهَاتِنَا وَاِخْوَانِنَا وَأَخَوَاتِنَا وَأَوْلاَدِنَا وَأَقْرِبَائِنَا وَأَحِبَّائِنَا وَأَصْدِقَائِنَا وَأَسَاتِيذِنَا وَمَشَايِخِنَا وَلِمَنْ كَانَ لَهُ حَقٌّ عَلَيْنَا؛ وَلِجَمِيعِ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ ؛ وَالْمُسْلِمِيْنَ وَالْمُسْلِمَاتِ ؛ اَلْأَحْيَاءِ مِنْهُمْ وَالْأَمْوَاتِ ؛ يَا قَاضِيَ الْحَاجَاتِ ؛ وَيَا مُجِيبَ الدَّعَوَاتِ ؛ اِسْتَجِبْ دُعَاءَنَا ؛ بِرَحْمَتِكَ يَا أَرْحَمَ الرَّاحِمِينَ ؛ وَسَلاَمٌ عَلَى الْمُرْسَلِينَ ؛ وَالْحَمْدُ للهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ

بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر، ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىش يوق. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ئەسھابلىرىنىڭ ھەممىسىگە رەھمەت ۋە سالام بولسۇن. پەرۋەردىگارىمىز بىزنىڭ (دۇئايىمىزنى) قوبۇل قىل، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن. (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن. ئى ئىگىمىز! تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن. ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنئاملىرى بىلەن، سەن پۈتۈن ئەھلى جاھانغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن زاتنىڭ ھۆرمىتى بىلەن بىزنى ھەققانىيەتكە، توغرا يولغا ھىدايەت قىلغىن ۋە ھەققانىيەتكە ۋە توغرا يولغا ئېرىشتۈرگىن، ئى كەرىمى كەڭ ئاللاھ! بىزنى كەچۈرگىن. ئى مېھرىبان ئاللاھ! بىزنى ئەپۇ قىلغىن. ئى ئەڭ كەرەملىك ئاللاھ! ئۆز پەزلىڭ ۋە كەرىمىڭ بىلەن گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن. ئى ئاللاھ، قۇرئان كەرىمنىڭ گۈزەل لەفزى بىلەن قەلبلىرىمىزنى گۈزەللەشتۈرگىن، قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇلۇغلىقى بىلەن ئورنىمىزنى ئۇلۇغ قىلغىن، قۇرئان كەرىمنىڭ شان ـ شەرىپى بىلەن بىزنى شان ـ شەرەپكە ئىگە قىلغىن، قۇرئان كەرىمنىڭ شاپائىتى بىلەن بىزنى جەننەتكە داخىل قىلغىن. قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆرمىتى بىلەن بىزدىن بۇ دۇنيانىڭ بارلىق بالايىئاپىتىنى ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازاب ئوقۇبىتىنى دەفى قىلغىن، ئى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتىنىڭ ھەممىسىگە رەھمەت قىلغىن. ئى ئاللاھ! ئۆز پەزلىڭ، مەرھەمىتىڭ، كەرىمىڭ بىلەن قۇرئان كەرىمنى بۇ دۇنيادا بىزگە ھەمراھ قىلغىن، قەبرىدە ئۇلپەت قىلغىن، قىيامەت كۈنىدە شاپائەت قىلغۇچى قىلغىن، سىرات كۆۋرۈكىدە نۇر قىلغىن، جەننەتكە بېرىشتا يولداش قىلغىن، دوزاخ ئوتىدىن ساقلايدىغان توسۇق ـ پەردە قىلغىن، بارلىق ياخشى ئەمەللەرگە يېتەكلىگۈچى ئىمام قىلغىن، ئى كەرىمى كەڭ ئاللاھ، ئى ئاللاھ، قۇرئاننىڭ ھىدايىتى بىلەن توغرا يولغا باشلىغىن، قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇلۇغ

ھۆرمىتى بىلەن بىزنى ئۇت ئازابىدىن قۇتقۇزغىن، قۇرئان كەرىمنىڭ پەزىلىتى بىلەن بىزنىڭ مەرتىۋىمىزنى يۇقىرى قىلغىن، قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن بىزنىڭ يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، ئى پەزىلەت ۋە ياخشىلىق ئىگىسى ئاللاھ، ئى ئاللاھ، قەلبلىرىمىزنى پاك قىلغىن، ئەيىبلىرىمىزنى ياپقىن، كېسەللىرىمىزنى شىپا تاپقۇزغىن، قەرزلىرىمىزنىڭ ھاجىتىدىن چىقارغىن، يۈزلىرىمىزنى يورۇق قىلغىن، دەرىجىمىزنى يۇقىرى قىلغىن، ئاتىلىرىمىزغا رەھىم قىلغىن، ئانىلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، دىنىمىزنى، دۇنيارىمىزنى تۈزگىن، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ توپىنى تىرە ـ پىرەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەھلىمىزنى، مال ـ مۈلۈكلىرىمىزنى، يۇرتىمىزنى پۈتكۈل ئاپەت، كېسەللىك، بالا ـ قازادىن ساقلىغىن، ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆرمىتى بىلەن قەدەملىرىمىزنى ساباتلىق قىلغىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن. ئى ئاللاھ، بىزنىڭ ئوقۇغانلىرىمىزنىڭ ساۋابىنى، تىلاۋەت قىلغانلىرىمىزنىڭ نۇرىنى يولباشچىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ روھىغا يەتكۈزگىن، پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەردىن ئىبارەت ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ روھىغا يەتكۈزگىن، (ئاللاھنىڭ مەرھەمەتلىرى ۋە سالامى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بولسۇن). پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئائىلە ـ تەۋەلىرى، پەرزەنتلىرى، ئاياللىرى، ئەسھابىلىرى، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ روھىغا يەتكۈزگىن (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) ئاتا ـ ئانىلىرىمىز، قىز ـ ئوغۇل قېرىنداشلىرىمىز، باللىرىمىز، يېقىنلىرىمىز، سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز، دوستلىرىمىز، ئۇستازلىرىمىز، پىشىۋالىرىمىزنىڭ روھىغا يەتكۈزگىن، بىزدە ھەققى بولغان ئەر ـ ئايال مۇئمىن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتلىرىغا ۋە ۋاپات بولغانلىرىنىڭ روھىغا يەتكۈزگىن. ئى ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى، دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى، رەھمىتىڭ بىلەن دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلغىن، ئەي ئەڭ مەرھەمەتلىك ئاللاھ! پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن، پۈتكۈل ھەمدۇ ـ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.

# ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ 7-ئايلىق ناماز ۋە روزا تۇتۇش ۋاقت جەدۋىلى (ئۈرۈمچى ۋاقتى)

| (ھىجرىيە) رامزان | | (مىلادىيە) 6-ئاي | سۇھۇرلۇق توختاش ۋاقتى | بامدات | كۈن چىقىش | پېشىن | ئەسىر | ئىپتار / شام | خۇپتەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | (يەكشەنبە) | 29 | 2:10 | 2:20 | 4:30 | 12:30 | 4:20 | 7:58 | 8:56 |
| 2 | (دۈشەنبە) | 30 | 2:11 | 2:21 | 4:30 | 12:30 | 4:20 | 7:58 | 8:56 |
| | | 7-ئاي | | | | | | | |
| 3 | (سەيشەنبە) | 1 | 2:11 | 2:21 | 4:31 | 12:30 | 4:20 | 7:58 | 8:56 |
| 4 | (چارشەنبە) | 2 | 2:12 | 2:22 | 4:31 | 12:30 | 4:20 | 7:58 | 8:56 |
| 5 | (پەيشەنبە) | 3 | 2:13 | 2:23 | 4:32 | 12:30 | 4:21 | 7:58 | 8:56 |
| 6 | (جۈمە) | 4 | 2:14 | 2:24 | 4:32 | 12:30 | 4:21 | 7:58 | 8:56 |
| 7 | (شەنبە) | 5 | 2:15 | 2:25 | 4:33 | 12:30 | 4:21 | 7:57 | 8:55 |
| 8 | (يەكشەنبە) | 6 | 2:17 | 2:27 | 4:34 | 12:30 | 4:21 | 7:57 | 8:55 |
| 9 | (دۈشەنبە) | 7 | 2:18 | 2:28 | 4:34 | 12:30 | 4:21 | 7:57 | 8:55 |
| 10 | (سەيشەنبە) | 8 | 2:19 | 2:29 | 4:35 | 12:30 | 4:21 | 7:56 | 8:54 |
| 11 | (چارشەنبە) | 9 | 2:20 | 2:30 | 4:36 | 12:30 | 4:21 | 7:56 | 8:54 |
| 12 | (پەيشەنبە) | 10 | 2:21 | 2:31 | 4:36 | 12:30 | 4:21 | 7:55 | 8:53 |
| 13 | (جۈمە) | 11 | 2:23 | 2:33 | 4:37 | 12:30 | 4:21 | 7:55 | 8:53 |
| 14 | (شەنبە) | 12 | 2:24 | 2:34 | 4:38 | 12:30 | 4:21 | 7:54 | 8:52 |
| 15 | (يەكشەنبە) | 13 | 2:26 | 2:36 | 4:39 | 12:30 | 4:21 | 7:54 | 8:52 |
| 16 | (دۈشەنبە) | 14 | 2:27 | 2:37 | 4:40 | 12:30 | 4:21 | 7:53 | 8:51 |
| 17 | (سەيشەنبە) | 15 | 2:29 | 2:39 | 4:40 | 12:30 | 4:20 | 7:52 | 8:50 |
| 18 | (چارشەنبە) | 16 | 2:30 | 2:40 | 4:41 | 12:30 | 4:20 | 7:52 | 8:50 |
| 19 | (پەيشەنبە) | 17 | 2:32 | 2:42 | 4:42 | 12:30 | 4:20 | 7:51 | 8:49 |
| 20 | (جۈمە) | 18 | 2:33 | 2:43 | 4:43 | 12:30 | 4:20 | 7:50 | 8:48 |
| 21 | (شەنبە) | 19 | 2:35 | 2:45 | 4:44 | 12:30 | 4:20 | 7:49 | 8:47 |
| 22 | (يەكشەنبە) | 20 | 2:36 | 2:46 | 4:45 | 12:30 | 4:20 | 7:49 | 8:47 |
| 23 | (دۈشەنبە) | 21 | 2:38 | 2:48 | 4:46 | 12:30 | 4:19 | 7:48 | 8:46 |
| 24 | (سەيشەنبە) | 22 | 2:40 | 2:50 | 4:47 | 12:30 | 4:19 | 7:47 | 8:45 |
| 25 | (چارشەنبە) | 23 | 2:41 | 2:51 | 4:48 | 12:30 | 4:19 | 7:46 | 8:44 |
| 26 | (پەيشەنبە) | 24 | 2:43 | 2:53 | 4:49 | 12:30 | 4:19 | 7:45 | 8:43 |
| 27 | (جۈمە) | 25 | 2:45 | 2:55 | 4:50 | 12:30 | 4:18 | 7:44 | 8:42 |
| 28 | (شەنبە) | 26 | 2:46 | 2:56 | 4:51 | 12:30 | 4:18 | 7:43 | 8:41 |
| 29 | (يەكشەنبە) | 27 | 2:48 | 2:58 | 4:52 | 12:30 | 4:18 | 7:42 | 8:40 |
| 30 | (دۈشەنبە) | 28 | 2:50 | 3:00 | 4:53 | 12:30 | 4:17 | 7:41 | 8:39 |

ئەسكەرتىش: روزا ھېيت كۈنى 7-ئاينىڭ 29-كۈنى سەيشەنبە بولۇپ، ئەتىگەن سائەت 5:30 دا ھېيت نامىزى ئوقۇلىدۇ.